MIRAS (HERITAGE) OF UYGHUR FOLK CULTURE

MIRAS

美拉斯



# مىراس

5

2010

ISSN 1004-3829

مەملىكەت بويىچە 100 ئۇنۇملۇق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن ئارىسىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر فولكلور بايلىقىنى قازغۇچى، پېشقەدەم تەتقىقاتچى

ماخمۇد زەيدى ئەپەندى ( 1932– )








قوش ئايلىق ژۇرنال

2010 ـ يىل 5 ـ سان

(ئومۇمىي 121 ـ سان)



## مىللىتىم ساپ بولسۇن دېسەڭ، ئىشنى ئۆزۈڭدىن باشلا

بوۋاينىڭ ۋەسىيىتى ............ توپلىغۇچى: هوشۇر ئەمەت (1)

ئەخلاق ـ پەزىلەت ئېسىل خىسلەت ......... توپلىغۇچى: هوشۇر ئەمەت (16)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

ئىپتىدائىي سەنئەتتىكى ئات تەسۋىرى ............... خەلچەم مۇھەممەد (2)

بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار چۈشەنچىسىدىكى سېھرىي كۈچلەر توغرىسىدا ......

..................................... ئابدۇرەشىد مۇھەممەدئىمىن (11)

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ۋە قومۇل شۈۋىسى ............ ئۆمەر تالىپ (22)

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆي ـ ئىمارەت ۋە هويلا ـ ئارام بەرپا قىلىش ئادەتلىرىگە

سىڭگەن ساقلىقنى ساقلاش قاراشلىرى ............... قۇربانجان ئوبۇل (41)

قومۇل خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى ھېكايىلەر ...

............................................... سەمەت ئەسرا تۇرا (53)

مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئىجتىمائىي رولى ............ مەتتۇرسۇن ئەستۇللا (71)

## يىلتىزسىز دەرەخ بولماس

ياڭاق ھەققىدە رىۋايەت ............... توپلىغۇچى: تۇرسۇن بەكرى (19)

«تۆگىتاش راۋابى» رىۋايىتى ............ توپلىغۇچى: ئەيسا ئىمىن (57)

## ئادەت قېرىماس

ئۇيغۇرلاردا سالقىنداش ئادەتلىرى ................ ئابدۇقەييۇم مىجىت (6)

كېرىيەلىكلەرنىڭ ئۆزگىچە توي ئادەتلىرى ........ ئەنۋەر مەتسەئىدى (28)

تاجىكلارنىڭ قارا چىراغ ياساش ئادىتى ......... ۋارىسجان ئاتاخان (78)



باش مۇھەررىر:

**ۋاھىتجان غوپۇر**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

**مۇختار مۇھەممەد**

مۇھەررىرلەر:

**نۇرنىسا باقى**

**خۇرسەنئاي مەتىمىن**

**ئەزىزە تۇيغۇن**

جاۋابكار مۇھەررىر:

**نۇرنىسا باقى**

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت

Tel: (0991) 4554017

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:

CN65 _ 1130 / I

خەلقئارالىق نومۇرى:

ISSN1004 _ 3829

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58

پوچتا نومۇرى: 830001

E_mail: mirasuyghur@126.com

چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM

ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040

باھاسى 6.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى

# 保护文化遗产 捍卫精神家园


## گۈزەللىك ئوندۇر، توققۇزى توندۇر

ئەنئەنىۋى مىللىي كىيىم-كېچەك ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنى توغرىسىدا ........
........ ئەكرەم ئابدۇمجىت (38)

## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا

مىڭ تىللاغا ئەرزان بىر ئېغىز ھېكمەتلىك سۆز ........
........ توپلىغۇچى: مۇھەممەدجان ئابدۇرېھىم (48)

## يېمەكلىرىمىز

نانىنىڭ تۈرلىرى ........ مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن (64)

## مىراسلىرىمىز

مۇقام ۋارىسلىرى ........ شېرىنئاي ياقۇپ (69)

## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

چىۋاۋ ئامبالنىڭ ئىمتىھان مەيدانى تەسىس قىلىشى ...... ئىرشادىي (ت) (58)

قاغا بىلەن تۈلكە ........ (60)

چاشقاننىڭ يۈرىكى ........ (62)

تاختىمۇشۇك ........ (63)

يېڭىلمەس مايمۇن ........ (5)

## چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار

كونا چىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى ...... تەييارلىغۇچى: م. مۇھەممەد (72)



مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەزىزە تۇيغۇن
تەكلىپلىك كوررېكتور: ھاۋاخان ئارىپ
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى
ماۋزۇ ۋە ئىچ بەت سۈرەتلەرنى لايىھىلىگۈچى: مەريەمگۈل ئىدرىس

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدىكى رەسىمنى ئەسقەر تۇردى سىزغان
ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى غەيرەت مەمتىمىن تەمىنلىگەن
مۇقاۋىنىڭ 3 - بېتىدىكى سۈرەتلەرنى ئامىر توختى سىزغان (ماي بوياق)

Chief editor: Wahitjan Ghopur
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Nurnisa Baki



总编：
瓦依提江·吾甫尔
副总编：
穆合塔尔·穆罕默德
（法人代表）
编辑：
努尔尼沙·巴克
胡尔仙阿依·买买提明
艾孜再·吐依贡
本期责人编辑：
努尔尼沙·巴克

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路 716 号文联 14 层）
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：58—60
E_mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00 元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥

# بوۋاينىڭ ۋەسىيىتى



بىر دانىشمەن بوۋاي ئاغرىپ يېتىپ قالغان چېغىدا ئوغلىنى چاقىرتىپ تۆۋەندىكى ۋەسىيەتلەرنى قالدۇرۇپتۇ.

ئەي قەدىرلىك ئوغلۇم، مېنىڭ كېتىدىغان مەنزىلگە ھەم يېقىنلىشىپ قالدى. ساڭا قالدۇرىدىغان بىر نەچچە تۈرلۈك ۋەسىيەتنامەم بار. قەلب دەپتىرىڭگە زېھىن قەلىمىڭ بىلەن پۈتۈۋال، بۇ دېگەنلىرىم سېنى ئىنسانىي ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسىگە يەتكۈزىدۇ.

1. بىلىمسىز، ئەخلاقىي پەزىلىتى ناچار ئادەملەرگە ئارىلاشما، گېپىمگە ئەمەل قىلساڭ ئۇلارنىڭ يامان شۇملۇقلىرىدىن ساقلىنىسەن.

2. ھەرقاچان، ھەر ۋاقىت باشقىلارغا يامانلىق ئەيلىمە. تۇرمۇشتا ئۆتنىگە ئالغان نەرسىنى ھامان قايتۇرغانغا ئوخشاش يامانلىقنىڭ ئاپىتى ئۆزۈڭگە ھەسسىلەپ قايتىپ سېنى شەرمەندە قىلىدۇ.

3. ئەيىبىڭنى باشقىلارغا كۆرسىتىشتىن ئىلگىرى ئۆزۈڭ تۈزەت.

4. تىرىكچىلىك يولىدا ئۆگەنگەن كەسىپ بىلەن مەشغۇل بولۇپ بىكارچىلىق بىلەن يۈرۈشتىن ساقلان، چۈنكى يامان ئىشنىڭ ھەممىسى بىكارچىلىقتىن باشلىنىدۇ.

5. كەيپ - ساپا كوچىسىغا ئېزىپ كىرىپ قېلىپ، ئىچىملىك، زەھەرلىك چېكىملىكلەر بىلەن بۇلغىنىپ قېلىشتىن ئۆزۈڭنى يىراق تۇت، چۈنكى بۇ ئىككىسىنىڭ زەھىرى كىشىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ ئەقلىدىن ئازدۇرىدۇ، ئاخىر رەسۋاچىلىققا قويىدۇ.

بوۋاي يەنە مۇنۇلارنى ئىزھار قىپتۇ. ياخشى نام-شەرەپنى ساقلاپ تۇرمۇشتا خاتىرجەم ئۆتەي دېسەڭ ھالال كەسىپ بىلەن مەشغۇل بولۇپ، تىرىكچىلىك دەسمايىسىنى توپلاپ تېجەشلىك بىلەن خەجلە، ئاز تېپىپ كۆپ خەجلەپ كىشىگە ھاجەتمەن بولۇپ قېلىشتىن ساقلان.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: خوتەن ناھىيە ياغچى بازىرى 1- دادۇيدىن **ئېزىز قاسىم**، توپلىغۇچى: **ھوشۇر ئەمەت**)

هازىرقى دۇڭخۇاڭ ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا «ئاق ئات مۇنارى» دەپ ئاتالغان بۇددا بىناكارلىق مەدەنىيىتىگە خاس بىر ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم مۇنار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ مۇنارنىڭ تارىخى پۈتۈلگەن ئابىدىدە: «كۇچا خانلىقىدا دۇنياغا كەلگەن بۇددا دىنىنىڭ بۈيۈك پەيلاسوپى، كامالەتكە يەتكەن نوم تەرجىمانى ئۇلۇغ بۇددا ئۇستازى كۇماراجىۋا مىلادى 384-يىلى بۇددا مىزانلىرىنى شەرققە تارقىتىش ئۈچۈن چاڭئەنگە قاراپ يولغا چىققان. ئۇ تۇلپار دەپ ئاتالغان ئاق ئېتىنى مىنىپ مۇشۇ دۇڭخۇاڭغا كەلگەندە، ئات كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن. شۇنداق قىلىپ ئات شۇ يەرگە دەپنە قىلىنىپ ئۇنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن مەزكۇر ‹ئاق ئات مۇنارىسى› ئورنىتىلغان. مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەرگە: «مۇنار توققۇز قەۋەتتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئاق ئاتنىڭ توققۇز ياشقا كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ①» دېگەن مۇنلار يېزىلغان

بىزنىڭ يازما مەدەنىي يازما يادىكارلىقلىرىمىزدىمۇ ئاق ئات ھەققىدە كۆپ ۋەسقە، خاتىرىلەر يېزىپ قالدۇرۇلغان.

ئا. لىكوك تۇرپان ۋىلايىتى پىچان ناھىيەسىنىڭ تۇيۇق يېزىسىدىن 1905-يىلى تاپقان قىممەتلىك يازما يادىكارلىقلىرىمىزنىڭ بىرى بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئىرق بىتىگ»دە مۇنداق چۈش تەبىرى بار. «باتۇر بەگ يىلقىسىغا بېرىپتۇ، ئاق بايتالى قۇلۇنلاپتۇ، ئالتۇن تۇياقلىق ئايغىرلىقا يارىغۇدەك. تۆگىلىرىگە بېرىپتۇ، ئاق ھىنگانى بوتىلاپتۇ، ئالتۇن پۇتلۇق بۇغرالىقا يارىغۇدەك. ئۆيىگە كېلىپتۇ، ئۈچىنچى قونجۇيى (مەلىكىسى) ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بەگلىككە يارىغۇدەك خۇشال-خۇرام



# ئۇيغۇر سەنئىتىدىكى ئاق ئات تېمىسى

خەلچەم مۇھەممەد

بەگ (باتۇر) ئىكەن! بۇ ئېنىق ئەزگۈ②. IX ئەسىرگە تەۋە دەپ قارىلىۋاتقان بۇ يادىكارلىقىمىزدا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق ئاتنى ياخشىلىق، ئېزگۈلۈك سىمۋولى سۈپىتىدە چۈشەنگەنلىكى روشەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

خەن ۋۇدى زامانىسىدا خەن سۇلالىسى غەربىي رايوندىكى پەرغانىدىن ئاجايىپ ئاتلارنى تۇنجى قېتىم ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ كىرگەن. خەن ۋۇدى بۇ ئاتلارنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتا دۇلدۇل «天吗» دەپ ئاتىدى ۋە بۇ ئاتلارنىڭ ھەيكەللىرىنى ياساتتى③. بۇ بىر قاتار تارىخىي ئەمەلىي پاكىتلار ئاتنىڭ قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتىدە قانچىلىك چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەلگەنلىكىنى قىياس قىلىشىمىزدا يېتەرلىك ئاساسلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەنىۋىيىتىدە شۇنچە مۇستەھكەم ۋە چوڭقۇر ئورۇننى ئىگە بولغان بۇ نۇقتىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ سەمەرىسى بولغان بەدىئىي ئەدەبىياتىمىزدا ئۆز ئەكسىنى تېپىش تەبىئىي ئەھۋالدۇر.

مىلادى I ئەسىردىن II ئەسىر ئارىلىقىدا ئۆتكەن خوتەن پادىشاھى مىس پۇل قۇيدۇرۇپ ئۆزىگە قاراشلىق رايونلاردا ئىشلەتكەن، بۇ رايونىمىزدىن تېپىلغان ئەڭ دەسلەپ قۇيۇلغان مىس پۇل بولۇپ، 1929-يىلى خوتەننىڭ شىمالىدىكى «ئاق سىپىل» ۋە «يۇتقان خارابىلىكى»دىن قېزىۋېلىنغان. ھازىر بېيجىڭدىكى جۇڭگو تارىخىي مۇزېيىدا ساقلانماقتا. بۇ پۇلنىڭ شەكلى كىشىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. پۇلنىڭ شەكلى يۇملاق بولۇپ مىستىن تۆشۈكسىز ۋە ئىنتايىن نەپىس ئىشلەنگەن، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئات سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. ئوڭ ۋە تەتۈر يۈزىنىڭ چۆرىسىگە خوتەننىڭ كونا ئۇيغۇر يېزىقى يېزىلغان④، پۇلنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈرۈلگەن ئات سۈرىتى بىزنىڭ دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

مەڭگۈ تاش يازما يادىكارلىقلىرىمىزدا باشتىن-ئاخىر بىر ئۇچقۇر ئاق ئات دېتالى بىلەن ۋەقەلىك راۋاجى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى»دىكى مۇنۇ بايانلارنىلا كۆرۈپ باقايلى: «... كۆلتېكىن بايىرقۇنىڭ ئاق ئايغىرىنى مىنىپ جەڭگە كىردى. بىر ئەرنى ئوق بىلەن ئۆلتۈردى، ئارقا-ئارقىدىن ئىككى ئەرگە نەيزە سانجىدى...».

«...(كۆلتېكىن) باتۇر شالچىنىڭ ئاق ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى. ئارقا - ئارقىدىن ئىككى ئەرگە سانجىدى. قارلۇقلارنى ئۆلتۈردۇق...».

«...ئۈچىنچى قېتىم، بولچۇدا ئوغۇزلار بىلەن سوقۇشتۇق، كۆلتېكىن ئازمان دېگەن ئاق ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى، نەيزە سانجىدى...⑤.

بۇنداق سېھىرلىك ئات دېتالى «مەڭگۈ تېشى»لاردىن «ئىرق بىتىگ»، «ئوغۇزنامە»گىچە قانداق ئىزچىللىقنى ساقلاپ كەلگەن بولسا، ئىسلامىيەتتىن كېيىنمۇ تاكى «شاھنامە»نى بېسىپ ئۆتۈپ «خەمسە»گىچە ئوخشاشلا ئىزچىللىقنى ساقلاپ كەلگەن. پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ ئالەمشۇمۇل نامايەندىسى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «شاھنامە»دە تۇران پادىشاھى ئافراسىياپ (تۇڭا ئالپ ئەر)نىڭ مىنگەن ئېتى ئۈچۈن مەخسۇس مىسرالار سەھىپىسىنى ئاساسسىز بەرگەن ئەمەس، ئاتنىڭ پەۋقۇلئاددە ئوبراز سۈپىتىدە سەنئەت سەھىپىمىزدىن ئورۇن ئېلىشىنى بىز «مەڭگۈ تاشلار»دىنلا باشلانغان دېيەلمەيمىز.

چۈنكى ئات ئوبرازى يازما ئەدەبىياتتىن ئىلگىرىلا بىزنىڭ ھەيكەلتىراشلىق ۋە ئويمىچىلىق سەنئىتىمىز سەھىپىسىدىن ئورۇن ئېلىپ بولغانىدى.

مەسىلەن، تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان V ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا تەۋە بولغان ئات قونچاق، پاپۇز (چەۋگەن توپ) ئويناۋاتقان رەڭلىك ئاتلىق قونچاق قاتارلىقلار بۇنىڭ شاھىدى⑥.

بىزنىڭ قەدىمكى ئەپسانىلىرىمىزدىمۇ ئات ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان بولۇپ، ئات ئاجايىپ سېھىرلىك سۈپەت بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ. خاقانلار ۋە قەھرىمانلارنىڭ مىنگەن ئاتلىرى شۇلارغا ئوخشاشلا ھۆرمەتكە ئىگە قىلىنىپ مەدھىيىلەنگەن. بۇنداق ئاتلار مەڭگۈ تاشلار يادىكارلىقلىرىدا: «قەھرىمان شالچىلارنىڭ ئاق ئېتى»، «ئازلارنىڭ قوڭغۇر ئېتى»، «ئۆگسىز دېگەن ئاق ئات»، «باشغۇنىڭ بوز ئېتى»، دەپ تەرىپلەنگەن ۋە «كۆلتېكىن ئىلگىرى كېيىن توققۇز قېتىم باشقا-باشقا ئاتقا مىنىپ جەڭگە كىردى» دەپ بايان قىلىنغان بولسا، «گۆر ئوغلى» داستانىدا: «گۆر ئوغلىنىڭ مىنگەن ئېتى كۆكنى كۆزلەيدۇ» دەپ يېزىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا «ئوغۇزنامە»دە: «ئوغۇزخان بىر چىپار ئاتقا مىنەتتى، ئۇ بۇ ئايغىرنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. يەنە بەزى خەلق ئەپسانىلىرىدە قەھرىمانلارنىڭ مىنگەن ئېتى «غايىبتىن خەۋەر

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



بەرگۈچى سېھىرلىك مەخلۇق» قىلىپ تەسۋىرلەنگەن.
«خەننامە، ھونلار ھەققىدىكى قىسسە»دە: «ھونلار لوشۇي دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى دۆڭشەن تېغىغا كېلىپ ئاق ئات سويۇشتى، ئاغا تەڭرىقۇت توغرىلار خانىنى ئۆلتۈرۈپ، باش سۆڭىكىدە ياسىغان جامغا مەي قۇيۇپ، بىلەكىدىن شەمشىرى بىلەن قان چىقىرىپ مەيگە تېمىتىپ قەسەمياد قىلدى» دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا «ئىرق بىتىگ»دە: «ئەر ئۇمىلەپ كېلىپ تەڭرىگە دۇچ كېلىپ بەخت ـ سائادەت سوراپتۇدەك، تەڭرى قۇت ـ بەخت بېرىپ، ئېغىلىڭدا يىلقاڭ بولسۇن، ئۆزۈلۈك ئۇزاق ئۆمۈرلۈك بول دەپتۇدەك. بىلىڭلار بۇ ئېزگۈ» دېيىلگەن⑦. بۇ يەردە «ئات»، «يىلقا»نىڭ كۆپ بولۇشى تەڭرىنىڭ قۇت-بەخت ئاتا قىلغانلىقىدىن، «ئات» تەڭرىنىڭ ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ ياردەم قىلىدىغانلىقىدىن، دەپ قارالغان، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆز ئېتىقادىدا ئىپتىدائىي سەنئەتتىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان. بايقال كۆلى ئەتراپىدىكى قىيا تاشلارغا سىزىلغان رەسىملەردە بىر قانچە ئاتلىق ئادەمنىڭ ئالدىغا توغ قادالغان بىر ياۋىداق ئاتنىڭ ماڭغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. «يېقىنقى يىللاردا خوتەن لوپ ناھىيە سامپۇل يېزىسىدىكى بىر قەبرىستانلىقتىن بېشىغا ئىككى دانە ئاپپاق قۇش پېيى قادالغان، ئېگەر، چۇلۇۋۇر قاتارلىق جابدۇقلىرى تولۇق، ئۇستىگە گىلەم، تەرلىك يېپىلغان ئات چىققان. بۇنداق قەبرىدىن ئىككىسى قېزىلغان بولۇپ ھەر ئىككىلىسىدىن بىردىن ئات چىققان»⑧. بۇ مەدەنىي يادىكارلىقلاردىن بىز تەخمىنەن 2000 يىللار بۇرۇن خوتەن رايونىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتنى ئۇلۇغلاپ خاقانلارغا ئوخشاش كاتتا دەپنە قىلىدىغانلىقىنى بىلسەك، «شىنجاڭ تارىخىدىكى يېزىق چۈشۈرۈلگەن ئەڭ دەسلەپكى خوتەننىڭ ئات سۈرەتلىك يەرلىك پۇلىدىن قەدىمكى خوتەن رايونىدا قۇرۇلغان ۋىسارا خانلىقى خاقانلىرى ئۆزلىرى تارقاتقان پۇللارغا ئاتنىڭ رەسىمىنى چۈشۈرۈپ ئات تەڭرىسىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئۆزلىرىنى «ئۇلۇغ خاقان، خانلارنىڭ خانى، ئۇلۇغ خوتەن خاقانى» دەپ ئاتىغان. ۋىسارا خانلىقى جەمەتىدىن چىققان ئەدىب، سەنئەتكار، بۈيۈك رەسسام ۋىسارا ۋازىكىنا سىزغان «سۈيۈبىندىنىڭ يۇقىرى قوتىپىدىكى مەشھۇر ئات سۈرىتى»، «ئاي نۇرىدىكى ئاق ئات سۈرىتى» قاتارلىقلاردىن قەدىمكى خوتەن سەنئەتكارلىرىنىڭ ئىپتىدائىي ئات ئېتىقادچىلىقىنى ساقلاپ، بۇددا دىنى ئەقىدىسى بويىچە مۇقەددەس ھايۋان شىر سىزىلىدىغان ئورۇنغا ئاتنى سىمۋول قىلىپ سىزغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئەنگىلىيە ئېكسپېدىتسىيەچىسى ئاۋرىل. ستەين شىنجاڭدىن ئېلىپ كەتكەن چىرايلىق بېزەلگەن يۆلەنچۈكلۈك ئىككى ئورۇندۇق ھەققىدە مۇنداق خاتىرە قالدۇرۇلغان: «ئورۇندۇقنىڭ بىرسىنىڭ پۇتىغا شىرنىڭ بېشى بىلەن ئاتنىڭ پۇتى ئويۇلغان، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسى قاناتقا ئوخشايدۇ. يەنە بىر ئورۇندۇقنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ يۇقىرىسىغا ئادەم بېشىنىڭ يۇقىرىسىنىڭ رەسمى ئويۇلغان، بەل قىسمىنىڭ ئاستى ئۇچۇۋاتقان قۇشقا ئوخشايدۇ. ئورۇندۇق پۇتىنىڭ تۆۋىنىگە ئات تۇيىقى ئويۇلغان»⑨.

مەركىزىي مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى بىلەن شىنجاڭ مۇزېيى مەدەنىي يادىكارلىقلار خىزمەت دۆيىدىكى خادىملار 1984-يىلى خوتەن ۋىلايىتى سەنپۇلا يېزىسىدا بىر قەدىمىي قەبرىستانلىقنى قېزىپ ئۇنىڭدىن نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تاپقان، بۇ يەردىن قېزىۋېلىنغان 41-نومۇرلۇق قەبرىدىن جەسەتلەر بىلەن بىرگە كۆمۈلگەن ئىككى ئاق بوز ئات چىققان⑩. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، قىيا تاشلارغا ئويۇلغان قەدىمكى ئوۋچىلىق دەۋرىگە ئائىت بولغان تەسۋىرىي سۈرەتلەرمۇ بىزنى بۇنىڭغا دائىر خېلى پاكىتلىق ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

1985-يىلى شىنجاڭ مۇزېيى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قاراقۇرۇم ۋە ئالتۇن تاغ تىزمىلىرى ئىچىدىكى مۆلجەر دەرياسى بويىدا قىيا تاشلارغا ئويۇلغان زور تۈركۈمدىكى سۈرەتلەرنى تەكشۈرگەن. تىك قىيا تاشلاردا نەچچە مىڭ پارچە سۈرەت بار بولۇپ، بۇ سۈرەتلەر نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى جۇدۇن ـ چاپقۇن، كۈن نۇرىنىڭ قىزدۇرۇشى، يامغۇر سۇلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئەسلىي ئەكسىنى تامامەن يوقاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر پارچە سۈرەتتە، ئاتلىق ئوۋچىنىڭ ئۇچقۇر بىر بۇغىنى ئوقيادا نىشانغا ئېلىپ قوغلاپ كېتىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. قومۇل ناھىيە تاشۋىلىق يېزىسىنىڭ ئاردىم جىلغىسىدىن تېپىلغان تاش ئويما سۈرەتلەر ئىچىدە بىر تاشقا ئوۋۇش مەنزىرىسى چۈشۈرۈلگەن ئۈچ پارچە سۈرەت ئويۇلغان بولۇپ، بۇنىڭ بىر پارچىسىغا توققۇز ئات، بىر تۆگە ئويۇلغان. توققۇز نەپەر چەۋەنداز ئاتقا مىنىپ قولىغا ئۇزۇن نەيزە تۇتقان ھالدا

ئۆز ئارا ئېلىشىۋاتقان كۆرۈنۈش تەسۋىرلەنگەن. ئۇيغۇرلار ئاتنى ئىنتايىن ئۇلۇغلايتتى، قەدىرلەيتتى، ئاتنى خان قېرىنداش ياكى نىجاتكار دەپ بىلەتتى. ئات مۇقەددەس دەپ قارىلىدىغان هايۋانلار ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسىم ئۇرۇق ۋە قەبىلىلىرى ئاتنى ئىنتايىن ئۇلۇغلاتتى، شۇڭا تەڭرىقۇت، سەركەردىلەر ئۆلسە ئۇلار مىنگەن ئاتنى بىللە دەپنە قىلغان، بۇنى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلار تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

① سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر»نىڭ «هونلار تەزكىرىسى»»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 404 ـ بەتكە قارالسۇن.
⑧، ⑥، ② ئابدۇبەسىر ئابدۇشۇكۇر: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئات مەدەنىيىتى هەققىدە دەسلەپكى ئىلمىي ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993 ـ يىل، 4 ـ سان 22 ـ، 27 ـ، 23 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.
③ «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 186 ـ بەتكە قارالسۇن.
④ جيەن بوزەن، ۋاڭ بىڭخۇا: «ئاممىباب شىنجاڭ تارىخى»، خەنزۇچە نەشرى، 31 ـ بەتكە قارالسۇن.
⑦ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 87 ـ، 88 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.
⑪ ۋاڭ مىڭجى: «ئىلى دەريا ۋادىسىدىكى ساكلارنىڭ مەدەنىيەت ئىزلىرى توغرىسىدا»، «ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1985 ـ يىل، 1 ـ سان. 201 ـ بەتكە قارالسۇن.
⑫ غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى توغرىسىدا»، «ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ژۇرنىلى»، 1985 ـ يىل، 3 ـ سان. 78 ـ بەتكە قارالسۇن.
⑩، ⑨ ۋارىس تېكىن: «خوتەننىڭ قەدىمكى ئات ئېتىقادچىلىقى هەققىدە »، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1987 ـ يىل، 3 ـ سان، 87 ـ، 88 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

(ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكولتېتى لېكتورى، ماگىستىر)

# يېڭىلمەس مايمۇن

جاڭ جيەنپىڭ

بۇرۇنقى زاماندا بىر جۈپ پەرىشتە ئەر ـ خوتۇن ئۆتكەنىكەن، ئۇلار ھەمىشە تاغ چوققىسىغا قونۇپ شاھمات ئوينايدىكەن. ئۇلار شاھمات ئوينايدىغان جايغا يېقىن يەردە بوك ـ باراقسان بىر تۈپ دەرەخ بولۇپ، ئۇنىڭ قويۇق شاخلىرىنىڭ ئارىسىدا بىر مايمۇن ياشايدىكەن. بۇ مايمۇن خېلى ۋاقىتتىن بېرى دەرەخ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ پەرىشتىلەرنىڭ شاھمات ئويناشلىرىنى كۆزىتىپ كەلگەنىكەن، ئاخىر ئۆزىمۇ كۆپ مەشق قىلىپ ناھايىتى ئۇستا شاھماتچىغا ئايلىنىپتۇ.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي بۇ شاھماتچى مايمۇن تاغدىن چۈشۈپ، ئادەملەرنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلارغا مۇسابىقە ئېلان قىپتۇ، ئەمما بىرمۇ ئادەم ئۇنى يېڭەلمەپتۇ. بۇ ئەلنىڭ پادىشاھىنىڭ مۇنداق ھالەتنى كۆرۈشكە زادىلا تاقىتى قالماي، مۇنداق يارلىق چۈشۈرۈپتۇ:

— بارچە ئاماللارنى ئىشقا سېلىپ كامالەتكە يەتكەن بىر شاھماتچى ئۇستازنى تېپىپ كېلىپ، مايمۇن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىڭلار!

بىراق مايمۇننىڭ شاھماتتىكى كارامىتى پەۋقۇلئادە يۇقىرى بولغاچقا، مۇلازىملار پۈتكۈل مەملىكەتنى ئاختۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلىگۇدەك شاھماتچى تېپىپ چىقالماپتۇ. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟

دەل شۇ ۋاقىتتا ئۆزىگە ئىشەنگەن بىر ۋەزىر مەردانىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ شاھماتتا مايمۇن بىلەن تۇتۇشۇپ كۆرمەكچى بولغانلىقىنى جاكارلاپتۇ، پادىشاھ ئۇنىڭدىن نېمە لازىملىقىنى سورىغانىكەن، ئۇ: — ھېچنەرسە لازىم ئەمەس، پەقەت مۇسابىقە مەيدانىغا بىر پەتنۇس شىرنىلىك شاپتۇل تىزىپ قويۇلسىلا بولىدۇ، — دەپتۇ.

مۇسابىقە باشلىنىپتۇ، مايمۇن بىلەن ھېلىقى ۋەزىر روبىرو ئولتۇرۇپ شاھمات ئويناشنى باشلىۋېتىپتۇ. ئاخىر مايمۇن ۋەزىرگە ئۇتتۇرۇپ قويۇپتۇ. سەۋەبى، مۇسابىقە جەريانىدا مايمۇننىڭ دىققەت ئېتىبارى باشتىن ـ ئاخىر ئاشۇ بىر پەتنۇس شىرنىلىك شاپتۇلدا بولغاچقا، ئۇ ئۆز ماھارىتىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرالماپتۇ.

دېمەك، رەقىبنى يېڭىشنى ئويلىغان ئادەم ئامال قىلىپ ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى تېپىپ چىققاندىلا ئاندىن ئۇنى يېڭەلەيدۇ!

(«ھېكايە ئېيتىش سورۇنى»نىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرىدىن ئېرشادىي تەرجىمىسى)

# ئۇيغۇرلاردا سالقنداش ئادەتلىرى

ئابدۇقەييۇم مىجىت

مۇھىتقا ماسلىشىش ــ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئىنسان-
نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جانلىقلارنىڭ ئالاھىدىلىكى
ۋە مەۋجۇتلۇقىنىڭ زۆرۈر شەرتىدۇر. ئىنسانلارنىڭ ماس-
لىشىشىنى بىئولوگىيەلىك ماسلىشىش ۋە مەدەنىيەتكە ماسلى-
شىش دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ
ئىسسىنىش ۋە سالقىنداش ئادەتلىرىنى بىئولوگىيەلىك ماس-
لىششقا مەنسۇپ دەپ قاراشقا بولىدۇ. مۇھىتقا ماسلىشىش-
تىن ئىبارەت بۇ تەبىئىي ئېھتىياج ۋە زۆرۈرىيەت ئىنسان-
لاردا كۆپلىگەن مەدەنىيەت تۈرلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە
تۈرتكە بولدى. بىئولوگىيەلىك ماسلىشىش ئادەم بەدىنىنىڭ
ئەتراپتىكى مۇھىت بىلەن فىزىئولوگىيە، پسىخىكا ۋە ھەرى-
كەت جەھەتتىن ئورگانىزملىق ئۇيغۇنلىشىشىنى كۆرسىتى-
دۇ. ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەر جەريانىدا تە-
بىئىي مۇھىت بىلەن ئۆزى ئولتۇرۇشلۇق مۇناسىۋەتنى
لايىقىدا تەڭشەش، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە
قىلىش ئۈچۈن توختاۋسىز ئىزدەنگەن. مەيلى ئىسسىنىش
ئادەتلىرى بولسۇن ياكى سالقىنداش ئادەتلىرى بولسۇن،
ھەممىسى كىشىلەرنىڭ ئىسسىق ياكى سوغۇق كىلىمات
بىلەن ئۆز بەدىنى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەش،
تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، مۇنداقچە ئېيتقاندا بىئولوگىيەلىك ماس-
لىشىش ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققان. ئۇيغۇرلار ئۆز بەدى-
نىنى سوغۇقتىن ساقلاش ئۈچۈن بىر قىسىم ئادەت ۋە ئۇ-



سۇللارنى شەكىللەندۈرگەندىن باشقا، يەنە بەدىنىنى ئىس-
سىقتىن مۇھاپىزەت قىلىپ مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن بەزى
سالقىنداش ئۇسۇللىرىنىمۇ ئىختىرا قىلىشقان ۋە يازنىڭ
تومۇز ئىسسىق كۈنلىرىدە پايدىلىنىدىغان سالقىنداش ئا-
دەتلىرىنىمۇ شەكىللەندۈرگەن. ھاۋارايىنىڭ ھەددىدىن زى-
يادە ئىسسىق بولۇپ كېتىشى ئىنسانلارنىڭ بەدىنىگە
خەۋپ-خەتەر كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسانلار ئو-
زۇقلۇق قىلىدىغان گۆش، مېۋە-چېۋە... قاتارلىق يېمەك-
لىكلەرنىڭ بۇزۇلۇشىنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بولغاچ-
قا، ئىنسانلار ئۆزىنىڭلا ئەمەس، بەلكى يېمەكلىكلىرىنىڭمۇ
مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش ئۈچۈن
بەزى سوغۇق ساقلاش ياكى توڭلىتىپ ساقلاش ئۇسۇللى-
رىنىمۇ ئىجاد قىلىشتى. ئىنسانلار تەپ ۋە ئىسسىق ئۆتۈپ
كېتىشتەك بەزى كېسەللىكلەرنىڭ ھاۋارايىنىڭ ئۆز بەدىنى-
نىڭ بەرداشلىق بېرىش دەرىجىسىدىن ئېشىپ كېتىشى نەتى-
جىسىدە پەيدا بولىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلار

بەزى ئۈنۈملۈك بولغان سالقىنداش ئۇسۇللىرىنى ئىزدەپ باققان، ئۇيغۇرلاردىكى «بېشىڭنى سالقىن، قورسىقىڭنى توق، پۇتۇڭنى ئىسسىق تۇت» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار ھاۋارايىغا ماس ھالدا ئۆزىنىڭ كىيىم-كېچەكنىڭ قېلىن-نېپىزلىك دەرىجىسىنى تەڭشەپ تۇرۇشقا ئادەتلەنگەندىن سىرت، يەنە ئۆزىنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلمىلىرىدىمۇ بۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرگەن ۋە بەزى سالقىنداش سايمانلىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئىجاد قىلىشقان. ئۇيغۇرلار ياشىغان جايلار ئاساسەن قۇرغاق رايونلار بولۇپ، تۆت پەسىلنىڭ پەرقى ناھايىتى ئېنىق ئايرىلغان. ھۆل-يېغىن مىقدارى ئاز، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىپ كېتىش نىسبىتى بەك يۇقىرى. شۇڭا ھاۋانىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆز بەدىنى قوبۇل قىلالىغۇدەك دەرىجىدە مۆتىدىللەشتۈرۈش، ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنى ئىسسىققا نىسبەتەن سوغۇقراق قىلىش زۆرۈر بولغان. ئۇيغۇرلارنىڭ سالقىنداش ئۇسۇلىنى مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك دەپ قاراشقا بولىدۇ: بىرىنچى، بەدەننىڭ ئىچكى قىسمىدىن تەڭشەش. ئىككىنچى، كىيىم-كېچەك ئارقىلىق تەڭشەش. ئۈچىنچى، تاشقى مۇھىتنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەش ئارقىلىق سالقىنداش. بۇ يەردە بىز تاشقى مۇھىتنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەش ئارقىلىق سالقىنداش ئادىتى ۋە ئۇسۇللىرى ھەققىدە توختىلىمىز:

ئۇيغۇرلار دەل-دەرەخ تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشتا ئۇنىڭ پەقەت ئىقتىسادىي قىممىتىنىلا ئويلىماستىن، بەلكى يەنە ئورمانلارنىڭ مۇھىتنى ساپلاشتۇرۇش، سايە چۈشۈرۈش رولىنىمۇ ئويلايدۇ. كىشىلەر يازنىڭ تومۇز ئىسسىق كۈنلىرى دەل-دەرەخلەرنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ سايىدىشىدۇ. كىشىلەر ئادەتتە ئۆزىنىڭ دەرەخ سايىلىرىنى باشقىلاردىن قىزغانمايدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى «ئۈجمە سايىسى» ناملىق چۆچەكتە كىشىلەرگە ئۈجمىسىنىڭ سايىسىنى ساتقان خەسىس باي قاتتىق مەسخىرە قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلمىلىرىدىمۇ سالقىنداش ئادىتىگە ئېتىبار بېرىلگەن بولۇپ، ئادەتتە ئۆيىنىڭ ئالدىغا ھويلا چىقىرىلىپ، ھويلىنى يېپىپ تۇرىدىغان تال بوستان (باراڭ) چىقىرىلىدۇ. ياز كۈنلىرى بۇ باراڭلار ياشناپ، كۆكلەپ ھويلىغا سايە تاشلايدۇ، ھويلىلار سالقىن بولىدۇ، كىشىلەر ئاساسەن ھويلىلاردا ئارام ئېلىشىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار «ھويلا» سۆزىگە «ئارام» سۆزىنى قوشۇپ، «ھويلا-ئارام» دەپ ئاتايدۇ. ياشىنىپ قالغان چوڭلار ھويلىسى يوق ئۆيلەرگە كۆنەلمەيدۇ. ئۇيغۇرلار يەنە ھويلىلىرىغا سايە تاشلاپ تۇرۇشى ئۈچۈن قاپاق تېرىپ باراڭلارنى ياسايدۇ. بۇ ماقال ئۇيغۇرلارنىڭ سايىداش ئۈچۈن قاپاق بىلەن باراڭ ياسايدىغان ئادىتىدىن كەلگەنلىكى ئېنىق. ئۇيغۇرلار سايىداش، سالقىنداش ئۈچۈن بەزى سالقىنداش سايمانلىرىنى ئىختىرا قىلغان ۋە ئىشلەتكەن. مەسىلەن:

1) سايىۋەن — كۈن نۇرىنىڭ بەدەننى كۆيدۈرۈپ تېرىنى زەخىملەندۈرۈپ قويۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۈستىگە كۈنلۈكسىمان رەخت تۇتۇلغان قۇرۇلما بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىز-ئېرىقلاردىكى ئىش-ئەمگەكلىرىدە، چۆل-جەزىرىلەردىكى سەپەرلىرىدە كۆپ ئىشلىتىدىغان سالقىنداش قورالىدۇر. ئادەتتە تەختىراۋان، مەپە، پەيتون ۋە خادىكلارنىڭ ئۈستىدە چىرايلىق لەپلىمىسى ۋە سايىۋەنلەر بولىدۇ، ئادەتتە كىشىلەر چاپان، كۆڭلەك ۋە چەكمەنلىرىنى سايىۋەن قىلىشىدۇ. مەسىلەن، ئاتۇش خەلق ناخشىلىرىدا:

ئاتۇشۇمغا بارغۇنچە،
چەكمەنمنى سايەتتىم (سايە ئەتتىم).
سايىسىدا ئۆزەم ياتىپ،
سەن يارىمنى ياد ئەتتىم.

دەيدىغان بىر كۇپلېت قوشاق بار. دىيارىمىزدا ۋىلايەت بىلەن ۋىلايەت، ناھىيە بىلەن ناھىيە ئارىلىقىدا كەڭ كەتكەن ساي-جىلغىلار، چۆل-جەزىرىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن يازدا يۇرتلار ئارا سەپەر قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ چەكمەنلىرىنى سايىۋەن قىلىشاتتى.

2) گەمە — گەمە ھويلا ئىچىدە يەرنى چوڭقۇر كولاپ ياسىلىدىغان يەر ئاستى ئۆيى بولۇپ، خوتەن دىيالېكتىدا «سۇۋۇق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «دىۋان» دەپلا ئاتايمىز)تە: «كەرەم — گەرەم، گەمە. چىنلىقلار تىلىدا»① دېيىلگەن. گەمىلەر يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى كۈندۈزكى ئارام ئېلىشلاردا ئىشلىتىلىدۇ. گەمە تۇرپان ئۇيغۇرلىرىدا سالقىنداش ئېھتىياجى بىلەن كەڭ ئومۇملاشقان بىر خىل بىناكارلىق نەمۇنىسىدۇر. تارىخنامىلەردە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرالغۇلىرى ھەققىدە توختىلىپ: «قوجودا، يازدا قاتتىق ئىسسىق بولىدىغانلىقتىن، كىشىلەر يەرنى كولاپ گەمە

ياساپ ئۇنىڭدا سالقىندايتتى. يېرىدە قار-يامغۇر ياغمايدۇ، قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ، ھەر يىلى يازدا كىشىلەر يەرگە گەمە كولاپ شۇ يەردە تۇرىدۇ»②، دېيىلگەن. گەمە يازدا سالقىن، قىشتا ئىسسىق بولۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئۇنىڭدىن باشقا «تۇرپان رايونىدا ئۆي ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، ‹كېمىر ئۆي› دەپ ئاتالسا، يەنە بىرى، ‹ياپما ئۆي› دەپ ئاتىلىدۇ. ‹كېمىر› ئالاھىدە قۇرۇلمىلىق ئۆي ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ئۆي تۇرپان رايونىنىڭ يامغۇر ياغماسلىق ۋە قۇرغاق بولۇشتەك شارائىتىغا ماس كېلىدۇ. كېمىر ئۆي ياز كۈنى سالقىن، قىش كۈنى ئىسسىق بولىدۇ» ③. شۇڭا كىشىلەر ياز كۈنلىرى كېمىر ئۆيلەردە سايىدايدۇ.

3) كاڭ — قىشلىق كاڭ ئىسسىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلسە، يازلىق كاڭ (سۇپا) «يازدا ئارام ئېلىش، سەگەدەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، شۇڭا ھويلا-ئارامىلارنىڭ ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان تال-باراڭلارنىڭ ئاستىغا ياكى دەل-دەرەخلەرنىڭ سايىسى چۈشۈپ تۇرىدىغان جايلىرىغا، ئۆستەڭ بويىدىكى ئۈجمە سايىلىرىغا ياسىلىدۇ» ④.

4) كارىۋات — يېتىپ ئۇخلاش ۋە ئارام ئېلىش ئۈچۈن تۆت پۇتلۇق، تۆشەك سېلىپ ياتىدىغان ۋە ياز كۈنلىرى كۆرپە سېلىپ ئولتۇرىدىغان تۇرمۇش بۇيۇمى بولۇپ، ياغاچ ۋە تۆمۈرلەردىن ياسىلىدۇ. خوتەن دىيالېكتىكىدا «كاتۇ»، «كات» دېيىلىدۇ. كارىۋاتمۇ خۇددى يازلىق كاڭغا ئوخشاش سايىداش، سەگەدەش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ شىپاڭلىق، تال-باراڭلىق ھويلىلىرىدا سالقىنداش ئۈچۈن ھەر خىل كارىۋاتلار قويۇپ قويۇلىدۇ، مېھمانلار شۇ يەرگىلا باشلىنىدۇ، ھەتتا كىشىلەر يازنىڭ ئىسسىق، تىنجىق كۈنلىرى ھويلىدىكى كارىۋاتتىلا ئۇخلايدۇ.

5) ھاۋادان — ئۆي تېمىنىڭ تورۇسقا يېقىن يېرىدىن قويۇلغان ھاۋا تۆشۈكى بولۇپ، ئۆي ئىچىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى، نەملىك دەرىجىسىنى، ھاۋانىڭ ئۆتۈشۈشىنى تەڭشەش ۋە ھاۋانى تازىلاش ئارقىلىق ئۆي ئىچىنىڭ ھاۋاسىنى ئادەم بەدىنىنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق تەڭشەپ تۇرۇشتا بەك مۇھىم رول ئوينايدۇ.

6) دېرىزە — ئۆي-ئىمارەتلەرگە يورۇق چۈشۈشى ۋە ھاۋا ئالمىشىشى ئۈچۈن ئورنىتىلىدىغان رام بولۇپ، ئۇ «پەنجىرە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا پەنجىرىسىز ئۆيلەر بولمايدۇ، «دېرىزەڭنى ئاچ، تىنچىقتىن قاچ» ماقالىدە دېرىزىنىڭ مۇشۇ خىل رولى كۆزدە تۇتۇلغان بولسا كېرەك.



7) كۈنلۈك — كۈن ئىسسىقىنى توسۇپ، سايىۋەن بولىدىغان سايىمان بولۇپ، كۈنلۈك قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە، جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردا ئېسىلزادىلەر قاتلىمىدا ئومۇملاشقان. «دىۋان»دا: «يۇغۇرۇش — تۈركلەردە ئاددىي خەلق ئىچىدىن چىقىپ ۋەزىرلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئادەم... ئۇنىڭ بېشىغا قار-يامغۇر ۋە ئىسسىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قارا يىپەك كۈنلۈك تۇتۇلىدۇ» ⑤ دېيىلگەن. قارا رەڭ نۇرنى قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغانلىقتىن بۇ خىل كۈنلۈكلەر قارا يىپەكتىن ياسالغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئادەتتە-



كى ئاۋام پۇقرالار ئارىسىدا بۇنداق كۈنلۈك ئومۇملىشىپ كەتمىگەن. كۈنلۈك دەسلەپتە كۈننىڭ كۆيدۈرگۈچى ئىسسىقىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ياسالغان، كېيىنكى مەزگىللەردە قار - يامغۇردىن دالدىلىنىش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدىغان بولغان، شۇنداقتىمۇ كۈنلۈكنى ئىنسانلارنىڭ سالقىنداش، سايىداش ئېھتىياجىدىن ياسالغان بۇيۇم دەپ قاراشقا بولىدۇ.

8) يەلپۈگۈچ ــ ئىسسىق كۈنلەردە سەگىدەش، شامالداش ئۈچۈن قۇشلارنىڭ پەيلىرىدىن ياكى باشقا نەرسىلەردىن ياسالغان، قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈپ، شامال چىقىرىدىغان بىر خىل سايمان بولۇپ، يەلپۈگۈچ نۇرغۇن مىللەتلەردە ئىشلىتىلگەن. ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپ قاچان، نەدە ۋە كىم تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. «دىۋان»دا: «يەلپىتتى ــ يەلپۈتتى. ئۇل ئاغار سىغەك يەلپىتتى ــ ئۇ ئۇنىڭغا چىۋىن يەلپۈتتى (يەلپىتۈر ــ يەلپىتمەك)»⑥. «يەلپىندى ــ يەلپۈندى،... ئۇل ئۆزدەگە يېل يەلپىندى ــ ئۇ ئۆزىگە شامال يەلپۈندى، يەنى ئۆزىنى يەلپۈدى (يەلپىنۈر - يەلپىنمەك)»⑦ دېيىلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «يىلبىمەك»، «يىلپى» دېگەن سۆزلەر «يەلپۈمەك» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن. يەلپۈگۈچ بولسا «يىلپىگۈ»⑧ دېيىلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى توي- تۆكۈن، مەرىكىلىرىدە ئادەم كۆپ، ئىسسىق بولسا يېرىم غۇلاچ كەلگىدەك تاياقنى بىر ياغلىق، داستىخان ياكى رەختنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىستۇرۇپ، شۇنىڭ بىلەن ئىسسىپ كەتكەنلەرنى يەلپۈپ قويىدىغان ئادەتمۇ بار ئىدى. قەغەزدىن ياسالغان بەزى يەلپۈگۈچلەردە بىر جۈپ بۇلبۇلگويا ياكى باشقا قۇشنىڭ سۈرىتى بېسىلاتتى، بەزىلىرىگە قىسقا، مەزمۇنلۇق بېيىت، ھېكمەتلىك سۆز، ماقال- تەمسىل ياكى ئەقلىيەلەر يېزىلاتتى، قەدىمكى ئەپسانە- رىۋايەتلەردە يەلپۈگۈچ ناھايىتى خاسىيەتلىك قىلىپ تەسۋىرلەنگەن.

پەن- تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ھەر خىل زامانىۋى سالقىنداش سايمانلىرى ئىجاد قىلىندى ۋە ئومۇملاشتى. شۇنىڭ بىلەن خەلقىمىز ئەنئەنىۋى سالقىنداش ئۇسۇلى، ئادىتى ۋە سايمانلىرىدا زور ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىنىشلار بولدى. نۆۋەتتە شەھەر ئۇيغۇرلىرىدا ئۆزد-

نىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ شامالدۇرغۇچ، ھاۋا تەڭشىگۈچ... قاتارلىق زامانىۋى سالقىنداش سايمانلىرى ئومۇملاشماقتا. لېكىن شۇنداقتىمۇ كەڭ يېزا-قىشلاقلاردا يەنىلا ئەنئەنىۋى سالقىنداش ئۇسۇلى ۋە سايمانلىرى ئىشلىتىلمەكتە. شامالدۇرغۇچ — ئادەتتە ئۆي ئىچىنى سالقىنلىتىش، شامال چىقىرىش، ھاۋا ئالماشتۇرۇش، كېرەكسىز گازلارنى چىقىرىپ تاشلاش، ئىس-تۈتەك سۈمۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر زامانىۋى سالقىنداش سايمىنى، شامالدۇرغۇچ تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلىتىپ ھاۋانى سالقىنلىتالمايدۇ، ئۇ پەقەت ئەتراپتىكى ھاۋانىڭ ئېقىشىنى تېزلىتىپ، ئىسسىق ھاۋانى ھەيدىۋېتىپ، سالقىن ھاۋانى كەلتۈرىدۇ-دە، كىشىلەرگە ھاۋانى سالقىن ھېس قىلدۇرىدۇ.

كىشىلەرنىڭ سالقىنداش ۋە ئىچىملىك ئېھتىياجىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، يېڭى نەرسىلەرمۇ پەيدا بولماقتا. مەسىلەن، چوكا مۇز. بۇ ئۇيغۇر ئېغىز تىلىدا كۆپرەك «بىڭگۇر»مۇ دېيىلمەكتە. چوكا مۇز سۇ، شىرنە، شېكەر، سۈتلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ توڭلىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. تۇتۇپ يېيىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن ئوتتۇرىسىغا بىر كىچىك تاياقچە «چوكا ياغاچ» قىستۇرۇلىدۇ. چوكا مۇز ئۇيغۇرلاردا تېخى يېقىنقى 20-، 30-يىللاردىن بۇيان پەيدا بولغان نەرسىدۇر. شىنجاڭنىڭ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى شەھەر، بازارلىرىدا ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىدىكى جاھازىسىغا ساندۇقلارنى بەللەپ چوكا مۇز ساتىدىغان چوكا مۇزچىلار (بىڭگۇرچىلار) بار ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان توڭلاتقۇنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ چوكا مۇزچىلار چوكا مۇزنى مۇقىم يەردە ئولتۇرۇپ ساتىدىغان بولدى. شىنجاڭ بويىچە ئەڭ ئىسسىق بولغان يۇرت تۇرپاندا تومۇز ئىسسىقتا كىشىلەرنىڭ سالقىنداش ۋە سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ يەرلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرى سوغۇق ئىچىملىك پۇلى تارقىتىپ بېرىدۇ، سوغۇق ئىچىملىكلەرنى ئىچىش ئارقىلىق بەدەننىڭ ئىچكى قىسمىدىن ئۆز بەدىنىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەپ تۇرۇشقا پايدىلىق.

قىسقىسى، ئىنسانلارنى ئوراپ تۇرغان تەبىئىي مۇھىت ۋە ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئىسسىقلىقى ياكى سوغۇقلۇقى ئىنسان بەدىنىنىڭ بەرداشلىق بېرىش دەرىجىسىدىن ئېشىپ كەتسە ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى، بەدەن شەكلى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ سالقىنداش ئادەتلىرى تەبىئىي مۇھىت ۋە ھاۋا كىلىماتى بىلەن ئۆز بەدىنىنىڭ بەدىنى ئوتتۇرىسىدىكى ئورگانىك مۇناسىۋەتنى تەڭشەش ۋە ئۆزىنىڭ ھاياتلىق ماكانىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھاياتلىق كۈرىشى ۋە ئىزدىنىشلىرىنىڭ مەھسۇلىدۇر. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يەر شارىنىڭ ھاۋارايى بارغانسېرى ئىسسىپ كېتىشكە ئەگىشىپ كىشىلەر ياز كۈنلىرى سالقىنداش ئىشلىرىغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلمەكتە، مۇھىتنىڭ ئىنسانلارنىڭ بەدەن شەكلى ۋە سالامەتلىكىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى تەتقىق قىلىدۇ. شۇڭا ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن چىقىپ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سالقىنداش ئادىتى، سالقىنداش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان قورال-سايمانلىرىنى تەتقىق قىلىش مۇئەييەن ئەمەلىي ۋە ئىلمىي ئەھمىيىتى بار.

ئىزاھاتلار:

①، ⑤، ⑥، ⑦ مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 1-توم 517-، 3-توم 54-، 2-توم 515-، 3-توم 147-بەتلەر.

② لىن گەن، گاۋزىخۇ (ئابلەت نۇردۇن، ئەزىز يۈسۈپ، مۇھەممەدجان مۆمىن، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇتلار تەرجىمە قىلغان) «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل 12-ئاي 1-نەشرى، 295-بەت.

③ ئابدۇكېرىم راخمان، شېرىپ خۇشتار، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996-يىلى 8-ئاي 1-نەشرى، 58-بەت.

④ راجىھ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم، زەيتۇنگۈل ئابدۇراخمان: «تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ كاڭچىلىق مەدەنىيىتى»، «مىراس» ژۇرنىلى 2009-يىل 4-سان، 56-بەت.

⑧ ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى تۈزگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989-يىلى 10-ئاي 1-نەشرى، 544-بەت.

(ئاپتور: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا)




مەيلى ئىپتىدائىي مىللەتلەر بولسۇن ياكى بۈگۈنكى كۈندىكى زامانىۋى پەن-تېخنىكىغا يېقىندىن يانداشقان مىللەتلەر بولسۇن، ئىنسانىيەت ئېڭىدا ھەممىشە ئىنسان ئەقلىدىن ھالقىپ كەتكەن، سىرلىق تەبىئەت دۇنياسىنى كونترول قىلىدىغان ياكى ئۇنىڭغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان مەلۇم كۈچلەر مەۋجۇت دەيدىغان قاراشلار ساقلىنىپ كەلمەكتە.

رۇس تەتقىقاتچىسى د. ئا. ئىسىيېۋ قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى سېھرىي كۈچلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنداق سېھرىي كۈچكە ئىشىنىش قارىشىنىڭ مەركىزىي ئاسىيادىكى باشقا مىللەت، قەبىلىلەرگە ئوخشاشلا ناھايىتى ئۇزاق يىلتىزى بارلىقىنى ۋە بۇ قاراشلارنىڭ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ كېلىپ، ئۇيغۇرلاردىكى سېھرگەرلىك ۋە سېھرگە ئىشىنىشنىڭ ئوۋچىلىق، تېرىقچىلىق، ئىشىق-مۇھەببەت، كېسەل داۋالاشتەك تۆت چوڭ ئىپادىسىنى، بۇلاردىن باشقا چۈش كۆرۈش، سان توغرىسىدىكى ئۇششاق سېھرىي ئىشەنچلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ، شۇنداقلا بۇ خىل قاراشلارنىڭ مۇنداق ئۇزاق دەۋرلەرگىچە داۋاملىشىپ كېلىشى بىرى، بۇ خىل قاراشلارنىڭ ئىپتىدائىي دىن بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەنلىكى ۋە ئۈزلۈكسىز زامانىۋىلاشقانلىقىدىن، يەنە بىرى، بۇلارنىڭ تېبابەتچىلىكتە ئۈنۈملۈك رول ئوينىغانلىقى سەۋەبلىك دەپ قارىغان ①.

ئۇيغۇرلاردىكى بۇ ئالاھىدە سېھرىي كۈچلەرگە ئىشىنىش قاراشلىرى ئۇزاق تارىخىي مابەينىدە سىياسىي، دىنىي، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىرىدىن بەزىلىرى ئاجىزلىشىپ، بەزىلىرى يوقىلىپ، بەزىلىرى كۈچىيىپ، يەنە بەزىلىرى ئۆزگىرىپ كەلگەن. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ چۈشەنچىسىدە بۇ قاراشلار خېلى كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا يەنىلا ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تەسىر كۈچىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

بۇ كۈچلەرنى مېنىڭچە تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرگە ئايرىپ ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئىزاھلاشقا بولىدۇ ۋە بۇ خىل تۈرگە ئايرىش كېيىنكى مۇشۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلارغا تېخىمۇ ئېنىقلىق ۋە تېخىمۇ قۇلايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ.

### ئىلاھىي شەخس ۋە قەھرىمانلار تىپىدىكى سېھرىي كۈچلەر

بۇ چۈشەنچىدە كۆزدە تۇتۇلغىنى، ئۇيغۇرلاردا بۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



روھىدىمۇ ۋە بۈگۈندىمۇ مەۋجۇت بولغان خىزىر، ئەۋلىيا چۈشەنچىسى، يەنە ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبەرلىرى، ساھابىلەر ۋە چاھارىيارلار، شۇنداقلا دىن تارقاتقۇچىلار، ئىسلام غازاتچىلىرى، خوجا، ئىشان، پىر، موللا، باخشى دېگەنلەر. بۇلاردىن باشقا يەنە مەلۇم كەسىپ-ھۈنەردە كامالەتكە يەتكەن، شۇ كەسىپنىڭ ئەڭ كامىللىرى ياكى ئىجادچىلىرى دەپ قارالغان ھۈنەر-كەسىپ پىرلىرى، تارىختىكى ۋە بۈگۈندىكى كىشىلەر ئېغىزىدا قەھرىمانلىقى، مەلۇم بىر ئالاھىدىلىكى بىلەن سېھىرلىك تۈس ئالغان كىشىلەر. شەخسكە چوقۇنۇشنىڭ يىلتىزىنى ئىسلامىيەتتىن ئاۋۋالقى قەدىمكى ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى، يەنى ئەڭ دەسلەپكى جەمەت قانداشلىقىنى ئۇلۇغلاش قارىشى، شۇنداقلا مانىزملىق ئەجدادلارغا، قەھرىمانلارغا تېۋىنىشقا باغلاپ چۈشىنىشكە بولىدۇ، تېۋىنىش چۈشەنچىسىدە ئەجدادلار ۋە ئىلگىرىكى قەھرىمانلارنىڭ روھى ئەۋلادلارنى يۆلەيدۇ ۋە قوغدايدۇ دەپ قارىلىدۇ. بۇ چۈشەنچە كېيىنكى ئىسلامىيەت ئومۇملاشقان دەۋرلەردىمۇ گەرچە ئىسلامدىكى بىر ئاللاغا چوقۇنۇشتەك تەۋھىد چۈشەنچىسىگە زىت بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۆزگىرىپ ۋە داۋاملىشىپ كەلگەن، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ۋە ياكى مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئالاھىدە دەۋر بولغان «خوجىلار دەۋرى»دە شەخسكە چوقۇنۇش قارىشى ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولۇپ، ئاشۇ بىر دەۋرنىڭ ئومۇمىي ھالىتىگە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەرگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن. بۇ تەسىر ئەدەبىيات، تارىخ، دىن، سىياسىي، پەلسەپە قاتارلىق جەمئىيەت ئومۇمىي گەۋدىسىدىكى يېتەكچى كۈچلەرگە تەسىرىنى كۆرسىتىپ كەلگەن، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇيغۇرلاردا شەخسكە چوقۇنۇشنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرى، ئۆزگەرگەن ھالەتلىرى قىسمەن ساقلىنىپ كەلمەكتە.

### جىن، ئالۋاستى، دىۋىلەر تىپىدىكى سېھرىي كۈچلەر

بۇ چۈشەنچىلەر خەلقىمىز ئېڭىدىكى ئومۇمەن يامانلىق، ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان يامان روھلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ چۈشەنچىلەرنىڭ يىلتىزىنى ھەم قەدىمكى ئېتىقادلاردىن، ھەم بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلىۋاتقان ئىسلام دىنىدىن ئىزدەشكە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە جىن-ئالۋاستى چۈشەنچىسى بارلىق دىنغا ئىشىنىدىغان خەلقلەردە بار، ئۇنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرىپى كىشىلەرنىڭ ئۇنى مەلۇم ئوخشىمايدىغان سۈپەتلەردە چۈشىنىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەر چۈشەنچىسىدىكى ئالۋاستى «يالماۋۇز، يەلمۈڭگۈز» بولۇپ، ئۇنى «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا «قىئات» دەپ ئاتىغان ۋە ئۇنىڭ تولىمۇ ياۋۇز، ئەلگە زىيان يەتكۈزگەنلىكى بايان قىلىنغان. كېيىنكى دەۋرلەردە يەنە «دىۋە»دىن ئىبارەت كۈچتۈڭگۈر ئالۋاستى چۈشەنچىسى ئومۇملىشىپ تاكى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا قەدەر ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ ئىلگىرىكى ئالۋاستى، يالماۋۇز چۈشەنچىسى ئىسلام دىنىدىكى «شەيتان» بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. بۇ يامان روھ، جىن-ئالۋاستى، شەيتان چۈشەنچىسى بۈگۈنكى كۈندە ئاز ساندىكى باخشىلارنىڭ يوشۇرۇن جىنكەشلىك قىلىپ كېسەل داۋالىشى ۋە شۇنداقلا «جىن ئاۋۇپ قويۇش»، «جىن چېپىلىپ قېلىش»، «جىن ئۇۋۇلىغان جاي»، «جىننىڭ چېچى»، «جىننىڭ يېغىسى»، «شەيتان ئازدۇرۇش» دېگەندەك چۈشەنچىلەردە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

### تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىدىن كەلگەن ھايۋانات، ئۆسۈملۈك، تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە تەبىئىي مۆھىتقا باغلانغان سېھرىي كۈچلەر

بۇ خىل سېھرىي كۈچلەر چۈشەنچىسىنىڭ قىسمەن تەرەپلىرى ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئاساسلىقى قەدىمكى دىنلاردىن قالغان چۈشەنچىلەرنىڭ، يەنى تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىنىڭ ئەڭ ئېنىق ئىپادىلىنىش شەكلىدۇر. بۈگۈنكى كۈندە بۇ قاراشلارنىڭ بەزىلىرى ئانچە كۈچلۈك بولمىسىمۇ، لېكىن يەنە بەزىلىرى خېلىلا تەسىر كۈچىنى ساقلىغان ۋە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، «بۆرە ئوشۇقىنى ئۇلۇغلاش»، «مېكىيان چىللىسا، قاغا قاقىلدىسا شۇملۇقتىن خەۋەر» دەپ قاراش، «بۈركۈت تۇمشۇقىنى يامانلىقتىن ساقلايدۇ» دەپ قاراش، «مازارنى چىنەپ كۆرسەتسە، دەسسەسە، ئېرىقتا، بۇلاقتا، كۆلگە سىيسە، يۇندى تۆكسە يامان بولىدۇ، كېسەل باسىدۇ» دەپ قاراش، مازارنى ئۇلۇغلاش ۋە چوقۇنۇش، مەلۇم تاغلارنى، ئېقىن، بۇلاقلارنى، دەرەخنى ئۇلۇغلاش، چاقماق چاقسا، يەر تەۋرىسە، كەلكۈن كەلسە خۇدانىڭ غەزىپى دېگەندەك قاراشلار. بۇ خىل قاراشلار ئەمەلىيەتتە قەدىمكى كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىدىكى «ھەممىلا نەرسىدە روھ بولىدۇ»

دېگەن ئانىمىزملىق قارىشىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي تەۋھىد قاراشلىرىغا زىت كەلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىلمىنى، دىنىي ئۆلىمالارنى ئۇلۇغلاش ۋە شۇنىڭغا ئوخشىمىغان باشقا بەزى چۈشەنچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ داۋاملىشىشىدىن كەلگەن. تەتقىقاتچىلار تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى توغرىسىدا: «ئاۋۋالقى كىشىلەر تەبىئەتكە تايانغان، تەبىئەتنىڭ غايەت زور كۈچىنى بويسۇندۇرۇشقا ئامالسىز قالغاچقا، ناھايىتى بۇرۇنلا تەبىئەتكە ۋە تەبىئەت كۈچلىرىگە تېۋىنغان. تەبىئەتكە تېۋىنىش ئەڭ كېيىن بولغاندىمۇ كونا تاش قوراللار دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن... شىنجاڭدىن بايقالغان ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلاردىن قارىغاندا، قەدىمكى دەۋرلەرگە تەۋە بۇيۇملارنىڭ كۆپىنچىسى دېگۈدەك نەزىر - چىراغقا ۋە تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىغا مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، لوپنۇر رايونىدىن بايقالغان كىچىك دەريا قەبرىستانلىقىدىكى بىر قىسىم ياغىش بۇيۇملىرى بەلكىم ئىپتىدائىي توتېم ئېتىقادچىلىقى بىلەن، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى يايلاقلاردىكى ياغىشقا ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلۇشلار قۇياش قاتارلىق تەبىئەت جىسىملىرىغا تېۋىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. بۇلاردىن باشقا يەنە بىر قىسىم قالدۇق بۇيۇملاردىن بايقالغان سىرلىق سانلارنىمۇ قەدىمكى كىشىلەرنىڭ روھ ۋە ئالەم قۇرۇلمىسىغا بولغان تونۇشلار بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈشكە بولىدۇ» ②، دېگەن قاراشلارنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بىز يۇقىرىقى تەتقىقاتلاردىن ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ «ئوغۇزنامە»، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق قەدىمكى ئەسەرلىرىدىن ۋە باشقا ۋەسىقىلەردىن شۇنى جەزملەشتۈرەلەيمىزكى، تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى چۈشەنچىسى ئۇيغۇرلاردىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، بۇ چۈشەنچىلەر تا بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەن.

## دىنىي قوراللار، سېھىرلىك نەرسىلەر تىپىدىكى سېھرىي كۈچلەر

سېھرىي كۈچكە ئىگە دەپ قارالغان نەرسىلەرنىڭ بەزىسى دىنىي قورال، يەنى دىنىي كىتاب - دەستۇرلار، ئىبادەتتە ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملار بولۇپ، بەزىسى كىشىلەر تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان قورال - لازىمەتلىكلەر، يېمەكلىكلەر، سېھرگەرلىك ۋە پال سېلىش قوراللىرى ۋە شۇنداقلا ئاتا - بوۋىلىرىدىن مىراس قالغان نەرسىلەردىن ئىبارەت. مەسىلەن، دىنىي قوراللاردىن بۈگۈنكى كۈندە سېھرىي كۈچكە ئىگە نەرسىلەر «قۇرئان كەرىم»، ھەپتىيەك، تەسۋىي، جەينىماز، سەللە، خۇتبە كالتىكى... قاتارلىق نەرسىلەردىن ئىبارەت بولسا، سېھرىي كۈچكە ئىگە دەپ قارالغان لازىمەتلىك نەرسىلەر نان، تۇز، ئۇن، بۆشۈك، ئوت، ئوچاق، تۈڭلۈك، كۆل، پىچاق، تىرناق، ئەينەك، دىمىدە قىلىنغان سۇ، تاھارەتتىن ئاشقان سۇ، ھەر خىل مايلار ۋە باشقا يېمەكلىكلەر، سېھرگەرلىك ۋە پال سېلىش سايمانلىرىدىن يادا تاش، تەسۋىي ئۇرۇقچىلىرى، قىزىل تاش ياكى ئۇرۇقچىلار، چىلان، تۇمار قاتارلىقلاردۇر. ئۇلۇغلاش چۈشەنچىلىرىنىڭ بەزىلىرىنى قەدىمكى ئېتىقاد چۈشەنچىسىدىكى ئانىمىزملىق قاراشلارغا، يەنى «ھەممە نەرسىدە روھ بولىدۇ» دەپ جانلىق، جانسىز نەرسىلەرنىمۇ ئۇلۇغلاشقا، يەنە بەزىلىرىنى شامانىزمغا ۋە يەنە بەزىلىرىنى بولسا مانىزملىق قاراشلارغا باغلاپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. شۇنى كۆرسىتىش كېرەككى، بۇلاردىن بىر قەدەر كۈچلۈكرەك پەرھىز ياكى تېۋىنىش ئوبيېكتى بولۇپ كېلىۋاتقانلىرى ئەلۋەتتە بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلى-



ۋاتقان ئىسلام دىنىغا ئائىت نەرسىلەر بولۇپ، بۇنى ئىسلام دىنىغا ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرگە بولغان ھۆرمەت بىلەن يۇقىرىقى قاراشلارنىڭ بىرلىشىپ كەتكەنلىكىگە باغلاپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

### سېھىرلىك سانلار تېپىدىكى سېھرىي كۈچلەر

بۇ خىل قاراشلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي چۈشەنچىلىرىدىن بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەن. سانلارنى ئۇلۇغلاش ياكى تېۋىنىش بولسا، تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ، دۇنيادىكى كۆپلىگەن قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە سانلارنى ئۇلۇغلاش، تېۋىنىش قارىشى مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار «بەزى سانلاردا ئۆزىدىنلا بىر خىل تەبىئەتتىن ھالقىغان سىرلىق كۈچ بار» دەپ قارىغان③. بۇ توغرىدا سانلار پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلىدىغان م. كىلەين: «قەدىمكى كىشىلەردىكى سان ئۇقۇمى ھەرگىزمۇ بۈگۈنكى ماتېماتىكىلىق ھېسابلاشتىكى ئېھتىياجدىن كېلىپ چىققان بولماستىن، بەلكى «سان ئۆزىدىن بىر سىرلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە» دېگەن تونۇشتىن باشلانغان»④ دەپ يازىدۇ. بۇ خىل سانلارنى ئۇلۇغلاش قارىشى قەدىمكى زامانلاردىلا ئۇيغۇرلاردا مەۋجۇت بولۇپ، مەيلى ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلاردا بولسۇن ۋە ياكى يازما ۋەسىقىلەردە بولسۇن بۇ خىل «ساننى ئۇلۇغلاش قارىشى» ئالاھىدە ئەكس ئەتكەن. مەسىلەن، «لوپنۇر رايونىدىكى كىچىك دەريا قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ياغاچ يىڭنىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا ۋە ئادەم يۈزلۈك ياغاچ ھەيكەلنىڭ قاڭشار قىسمىغا سىزىلغان يەتتە دانە سىزىق ۋە مۇشۇ يەردىن بايقالغان M24-نومۇرلۇق قەبرىدىكى ئەر جەسەتنىڭ ئوڭ بىلىكىگە ئۆتكۈزۈلگەن يەتتە دانە بىلەزۈك قاتارلىق يەتتىگە مۇناسىۋەتلىك سىرلىق بايقاشلار، كۈنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا جايلاشقان گۇمۇگۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن بايقالغان قۇياش شەكىللىك قەبرە ۋە توغراق كۆتىكىدىن ھاسىل قىلىنغان يەتتە چەمبەر»⑤. «ئورخۇن ئابىدىلىرى»دىكى توققۇز ئوغۇز، ئون ئوقلار، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»دىكى 12 مۆچەل، «قۇتادغۇبىلىك»تىكى تۆت تادۇ قارىشى ۋە توققۇز تۇغ قاتارلىق سانغا مۇناسىۋەتلىك قاراشلار بۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ.

بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇ خىل «ساننى ئۇلۇغلاش قارىشى» خېلى گەۋدىلىك بولۇپ، خەلق ئارىسىدىكى «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس»، «يەتتە نەزىر»، «يەتتە ئىقلىم»، «يەتتە ئاتىنى بىلىش»، «ئۈچ مەرتەم»، «توققۇزى تەل»، «ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز قىز»، «قىرىق ئۆرۈم چاچ» قاتارلىق سانغا مۇناسىۋەتلىك ماقال-تەمسىل ئىبارىلەرمۇ بۇ سۆزىمىزنى دەلىللەيدۇ. بۇ خىل ئالاھىدە دەپ قارىلىدىغان سانلاردىن «1، 2، 3، 7، 9، 30، 40، 41» قاتارلىقلار بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆزىنىڭ سېھرىي تۈسى بىلەن ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا ئۆز كۈچىنى، تەسىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە. بۇلاردىن باشقا يەنە بۈگۈنكى كۈندىكى زامانىۋىلىشىش ۋە باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ قىسمەن سېھىرلىك سان چۈشەنچىلىرىمۇ ئۇيغۇرلارغا، بولۇپمۇ ياشلارغا ئازدۇر-كۆپتۇر ئۆزلەشمەكتە. مەسىلەن، «4» خەنزۇلاردا خەنزۇچە «ئۆلۈم» سۆزى بىلەن ئاھاڭداش بولغاچقا، خەنزۇلاردا «شۇملۇق»تىن بېشارەت سان دەپ قارىلىدۇ، بۈگۈنكى كۈندە بۇ خىل قاراش ئاز بىر قىسىم ئۇيغۇر ياشلىرىدا ئومۇملاشتى.

### سۆز-ھەرىكەت، ئادەم ئورگانىزمىنىڭ پائالىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك سېھرىي كۈچلەر

بۇلار ئادەتتە خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان، ئومۇملىشىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭرى بولغان چۈشەنچىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇرۇنقى ياكى نۆۋەتتىكى دىنىي چۈشەنچىلەردىن بىخلانغان. لېكىن ئۇزاق زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلاردا ئۆزگىرىشلەر، زامانىۋىلىشىش مەيدانغا كېلىپ، ئۆزىگە كۆپ خىل دىنىي ۋە ئىجتىمائىي چۈشەنچىلەرنى يۇكلىگەن ئاساستا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. بۇ خىل قاراشلاردىن «ياخشى-يامان چۈش كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ تەبىرى»، «قاپىقى تارتىش»، «ئاغزىدىن سا چىقىپ كېتىش»، «قارغىش، بەد دۇئاغا قېلىش»، «ياخشى دۇئا قىلىش ۋە ياخشى دۇئا ئېلىش»، «ئىسمىنىڭ ئۆزگىچە كۈچى» قاتارلىقلارنى مىسال كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

يۇقىرىقى بۇ خىل سېھىرلىك قاراش چۈشەنچىسىنىڭ يىلتىزى كۆپ خىل بولۇپ، مەلۇم بىرلا خىل دىنغا باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە بولمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئاساسى يەنىلا ئانىمىزملىق «ھەممىدە روھ بار» دېگەن قاراشتىن كەلگەن ھەمدە دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۆپ خىل دىن، كۆپ خىل مەدەنىيەت ئامىلىنى ئۆزىگە يۇغۇرغان بولۇپ، ھەتتا بەزىلىرىگە ناتوغرا، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا زىت خۇراپىيلە-

قى ئېغىر بولغان قاراشلارمۇ يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ چۈشەنچىسىدىكى ھېلىھەم مەلۇم دەرىجىدە ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ، خەلق ئېشەنچلىرى شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ خىل سېھرىي كۈچلەرنى يۇقىرىقىدەك تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ. ئەمما بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇرلاردىكى بۇ خىل خەلق ئېشەنچلىرى بىلەن دىنىي ئېتىقاد ۋە يەرلىك مەدەنىيەت بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن ئىجتىمائىي تېمىنى تەتقىق قىلغاندا، چوقۇم ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيانقى كۆپ خىل دىن مەسىلەن، تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىدىكى تۇتېم، سان، ئاسمان جىسىملىرى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چوقۇنۇش، مانىزملىق ئەجدادلار روھىغا تېۋىنىش، بۇددا دىنىدىكى كۆپ ئىلاھلىق چۈشەنچىلەر، ئىسلام دىنىنىڭ بەزى ئەقىدىلىرىنىڭ، كۆپ خىل مەدەنىيەت، يەنى يايلاق مەدەنىيىتى، ئوۋچىلىق، تېرىم مەدەنىيىتى، شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ تەسىرىدە شەكىللەندۈرگەن ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيەسىنى ئومۇمىي ياقتىن كۆزىتىش ۋە تەھلىل ئېلىپ بېرىش كېرەك ۋە شۇنداقلا بۇلارنى مەلۇم بىر خىل دىنىي تەسىر ئاستىغا تەۋە قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم.

پايدىلانمىلار:


1. ئىمىن تۇرسۇن «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل نەشرى.

2. ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل نەشرى.

3. ئەنۋەر سەمەت قورغان: «ئۇيغۇرلاردىكى پەرھىزلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىل نەشرى.

4. ئەنۋەر تۇرسۇن: «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرىدىن ئۆرنەكلەر»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007-يىل نەشرى.

7. «مىراس»ژۇرنىلى ۋە «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1980-يىلىدىن بۇيانقى مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.


ئىزاھاتلار:

① د. ئا. ئىسسىيۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى سېھرىي كۈچلەر»، «مىراس» ژۇرنىلى 1995-يىللىق 1-سان.

② ليۇشۆتاڭ: «شىنجاڭنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى دىنلىرى تەتقىقاتى»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 2009-يىل 7-ئاي، 1-نەشرى، 74-، 75-بەتلەر، خەنزۇچە.

③ ليۇشۆتاڭ: «شىنجاڭنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى دىنلىرى تەتقىقاتى» بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2009-يىل 7-ئاي 1-نەشرى، 86-بەت، خەنزۇچە.

④ موررىس كلىنسي: «قەدىمدىن بۈگۈنگە قەدەر ماتېماتىكا ئىدىيەسى»، بىرىنچى جىلد، شاڭخەي پەن-تېخنىكا نەشرىياتى 1980-يىل 1-نەشرى، 13-بەت، خەنزۇچە.

⑤ ليۇشۆتاڭ: «شىنجاڭنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى دىنلىرى تەتقىقاتى»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 2009-يىل 7-ئاي 1-نەشرى 87-، 90-بەتلەر، خەنزۇچە.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى 2008-يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)

## ماقالە قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش

ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنىپ بۈگۈنگە قەدەر ئوقۇرمەنلەر، ئاپتورلار ۋە ھەرقايسى ساھەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ژۇرنىلىمىز ئۇنىۋان ئالماقچى بولغان قېرىنداشلىرىمىزغا قۇلايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى، مەكتەپلەردىكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ۋە تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

سەمىڭىزدە بولسۇن، «مىراس»تا ئېلان قىلىنغان ماقالىڭىز ئۇنۋان باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ. شۇڭا بىز بىلەن ئالاقىلاشقايسىز.

تېلېفون نومۇرى: 4554017 ـ 0991

ھۆرمەت بىلەن: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

# ئەخلاق — پەزىلەت ئېسىل خىسلەت



**1. ئەخلاقىي تەربىيەلىنىشنىڭ مۇھىملىقى**

شەخسنىڭ ئەخلاقىي سۈپەتلەرنى هازىرلاش جەھەتتە تەربىيەلەشكە ئېتىبار بېرىش ۋە تەكىتلەش — ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى.

ئەخلاقىي تەربىيەلىنىش شەخسنىڭ مۇئەييەن ئەخلاق نورمىلىرىغا ئاڭلىق، ئەقلىي رەۋىشتە رىئايە قىلىش ھەمدە ئۇنى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىيىتى، خاراكتېرى، مىجەزىگە، ئىچكى سۈپىتىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆرسىتىدىغان تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ، ئەخلاقىي تەربىيەلىنىش — ئادەمىيلىكنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئېسىل خىسلىتى ھېسابلىنىدۇ.

ئەخلاقىي پەزىلەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا كىشىلەر تىرىشىپ ئۆگىنىش تەربىيەلىنىشنىڭ مۇھىم ئاساسى، بىزدە ئەجدادلاردىن قالغان تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن ئۆتكەن تولىمۇ ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلىتىمۇ بار، بۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ ئەۋلادلارنى تەربىيەلەش مەجبۇرىيىتىمىز بار.

**2. راستچىللىق ۋە پاك دىللىق**

سۇنىڭ مەنبەسى ـ دەرەخنىڭ يىلتىزى بولغىنىدەك، راستچىل بولۇشمۇ پاك دىل بولۇشنى ئۆزىگە مەنبە قىلىدۇ، بۇ راستچىل، سەممىي بولۇش ئۈچۈن پاك دىل بولۇشى كېرەك دېگەنلىك.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا كىشىلەرنىڭ توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ئەخلاقىي پەزىلىتىنىڭ مەنبەسى بولغان پاك دىللىقنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىنى يىغىنچاقلاپ ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقى راستچىللىق ئىكەنلىكىنى، مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقىي پاكىت. چۈنكى پاك دىل بولغاندىلا راستچىل بولغىلى، راستچىل بولغاندىلا سەممىي، راستچىل ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش بىلەن باشقىلارنىڭ زور ئىشەنچىسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. راست گەپ قىلىش راست ئىشنىشنىڭ ئەمەلىيىتى بولىدۇ. راستچىل كىشى ھامان راست گەپ قىلىدۇ. بۇنداق كىشى سەممىي، پاك نىيەت بولىدۇ. ئۇنداق كىشىلەر يالغان گەپ قىلغان كىشىنى كۆرسە نومۇس بىلىدۇ، ئۇلار بىلەن چىقىشالمايدۇ، يالغانچىلىق ھامان ساختىپەزلىك، ھىيلىگەرلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ، يالغان گەپكە سەل قارىغىلى بولمايدۇ.

لۇشۇن پىتنە ـ ئىغۋانىڭ دەردىنى تازا تارتقانىدى. ئۇ «ھاياتىمدا ماڭا قاتتىق زىيانكەشلىك قىلغانلار كىتابپۇرۇشلار ئەمەس، چىرىك باندىتلارمۇ ئەمەس، شۇنداقلا ماڭا ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق زىيان يەتكۈزگەن كىشىلەرمۇ ئەمەس، بەلكى ئاتالمىش پىتنە ـ ئىغۋالاردىن ئىبارەت» دېگەنىدى. بۇ چاغدا لۇشۇنگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن خىلمۇخىل پىتنە ـ ئىغۋالار تۇغۇلغانىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ قىيىن، قەبىھ، رەزىل بولغىنى، شۇنداقلا كىشىلەرنى ھەم

مىدىن بەك قايمۇقتۇرىدىغىنى «لۇشۇن رۇسىيەلىكلەرنىڭ رۇبلىسىنى ئالدى» دېگەن ئىغۋا ئىدى.

مۇشۇ پىتنە-ئىغۋالار ئارقىلىق لۇشۇنگە: «قىزىللاشتى، چىرىكلەشتى، چەت ئەلگە باغلاندى» دېگەن ئۈچ تۈرلۈك بەتنام چاپلانغاندى. بۇ يالغان گەپنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاش ئۈچۈن لۇشۇن نۇرغۇن قىممەتلىك زېھىن-كۈچىنى سەرپ قىلغاندى.

يالغان گەپ، پىتنە-ئىغۋا گەرچە بىر مەھەل دەۋر سۈرسىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا ھەقىقەتكە ئايلىنالمايدۇ. بۇ ھەقتە كونىلارمۇ ئوبدان خۇلاسە قىلغان «ھەقىقەت ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ». بىراق يالغان گەپ بىلەن پىتنە-ئىغۋا تۇغدۇرىدىغان كىشىلەر دەل ھەل قىلغۇچ پەيتتە ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ ياكى ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ياكى زىددىيىتى بار كىشىلەر ئۈچۈن پىتنە-ئىغۋا توقۇيدۇ، مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن مەسىلە ھەل بولىدۇ.

ئىبن سىنا مۇنداق دېگەن:

«پەزىلەت ۋە كامالىتىم قانچىلىغان زاتلارنىڭ ئارامىنى بۇزدى، چۈنكى ئۇلار ماڭا ئىت بولۇپ ھاۋشىدى».

ھېكايەت

— ئەبۇ مەنسۇر سەئالى شاگىرتلىرىغا:

مۇلايىملىق دەرىخىنى تىككەن كىشى سالامەتلىك مېۋىسىنى يىغىپ ئالىدۇ. قىيىنچىلىقتىن قورقۇپ ئۆگىنىشنى داۋام قىلدۇرمىغان كىشى بىلىم ئىگىلىيەلمەيدۇ، توغرا ھەق گەپلەرنى قىلغان كىشى ھەممە كىشىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولىدۇ، دۈشمەن بىلەن يېقىنلاشقان كىشىدىن ئۇنىڭ دوستلىرى قاچىدۇ.

ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىغان كىشى پالاكەتتىن ئامان قالىدۇ، ھەر بىر كىشى ئۆزىگە يارىشا تەرىپ قىلسا قىلغان ئىشىغا قاراپ ماختىلىدۇ. پەزىلەت نەسىل-نەسەب بىلەن ئەمەس، ئەقىل-ئەدەپ بىلەندۇر. ۋەدىسىگە ۋاپا قىلغان كىشىنىڭ قەدىر-قىممىتى ئاشىدۇ. سۈكۈت ۋە دانالىق — زېرەكلىك ۋە راستچىللىقتىن، توغرىلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئالماستىن ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلەشمەستىن ئۆز رايى بىلەن ئىش قىلغان كىشى ئاقىۋەتتە خارلىنىدۇ، دەپتۇ.

كىشىلەر تارىختىن بۇيان پىتنە-پاساتتىن قاتتىق يىرگىنىپ كەلگەن، پىتنە-پاسات بىر خىل ساختا، رەزىل، پەسكەش، چىرىك ھادىسە، بەزىلەر پىتنە-پاساتقا مۇنداق ئىقرارنامە يېزىپ بەرگەن:

— مەن جىممىدە كېلىپ غىيىپىدە كېتىمەن، ئىتتەك سەزگۈرلۈكۈم، چاشقاندەك مەككارلىقىم، پاشىدەك زەھىرىم بىلەن ئۆزۈم ئۈچۈن زېمىن ھازىرلايمەن، مەن ھەر قانداق پاك، بىگۇناھ بىرەر ئادەمنى كۆرۈپ قالسام ئۇنىڭ ئاغزى-بۇرنىنى قانغا بوياپ، ئاغزىنى ئاچالماس قىلىپ رەسۋاسىنى چىقىرىۋېتىمەن. ئۆزۈم بۇنىڭدىن خۇددى تومۇز كۈنلىرى تاۋۇز يېگەندەك، قەھرىتان سوغۇقتا جۇۋا كەيگەندەك ھۇزۇر ئالىمەن، يالغان-ياۋىداق گەپ بىلەن يوق يەردىن تۈك ئۈندۈرۈپ، زورلاپ قۇراشتۇرۇپ مۇبالىغە قىلىش دەل مېنىڭ ئەڭگۈشتەرىم.

ئەگەر بۇلارغا ئازراق ھەل بېرىلگەن يېڭى خەۋەرلەرگە شەخسنىڭ مەخپىيەتلىرى قوشۇلۇپ كەلسە، ئۇ چاغدا بۇنىڭ سېھرىي كۈچى ھەسسىلەپ ئاشقاي، زەھىرى تېپىشىپ تۇرمىسا ئەر ئاتالمايدۇ. مانا بۇ مەن ئۈچۈن دەستۇر. مېنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن قاتراپ يۈرگەنلىكىم، مەن بولمىسام جاھاندىكى مۇشۇنچىۋالا كۆپ ساختىلىق، رەزىللىك، پەسكەشلىكلەر ۋە بۇنىڭغا قارشى بولغان چىنلىق، پاكلىق گۈزەللىكلەر مەيدانغا كېلەلمەيدۇ، سىلەر مېنىڭ ماكانىمنى نەدە دەپ سورىساڭلار مېنىڭ ماكانىم قۇياش نۇرى چۈشمەيدىغان جايدا، خولېرا مىكروبلىرى مىژىلداپ تۇرىدىغان بۇلۇڭ-پۇچقاقتا.

قىسقىسى: كوچىغا چىققان چاشقاننى ئۇر-ئۇر قىلغاندەك، لەنەت-نەپرەت ياغدۇرۇپ ئارىمىزدىن ئورۇن بەرمىسەكلا بۇ شۇمبۇينى ئارىمىزدىن يوقىتالايمىز، چوقۇم راستچىل، سەممىيلەردىن بولۇپ گۈزەل ئەخلاقىمىزنى بۇلغىماسلىقىمىز لازىم.

راستچىللىق ۋە پاك دىللىق بىباھا گۆھەر ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ كىشىلەردە ۋايىغا يەتكەن گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ، گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ يۈكسەك نامايەندىسى ھېسابلىنىدۇ.

### 3. دوستلۇق ئېسىل پەزىلەت

«مىڭ دوست جىقلىق قىلماس، بىر دۈشمەن ئازلىق قىلماس» دېگەندەك كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ مۇقەددەس، ئېسىل خىسلەتلىك پەزىلەت دوستلۇق — كىشىلەر ئارىسىدا ئەڭ قەدىرلىك ۋە ھۆرمەتلىك بولۇشى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ قەدىرلىك مۇناسىۋەتنى پولات كۆۋرۈكتەك بىر-بىرىگە ھەقىقىي چىن مۇھەببەت ئاساسىدا چىڭ باغلاپ تۇرىدۇ، بىز شۇڭا دوستلۇقنى قەدىرلىشىمىز، ئۇنى كۆز قارىچۇقىمىزدەك ساقلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، خۇددى ماقالىلەردە بايان قىلىنغىنىدەك «دوستىمۇ بار، دۈشمىنىمۇ بار. خۇددى گۈلنىڭ تىكىنى، تاتلىقنىڭ ئاچچىقى بولغىنىدەك دوستىنىڭ دۈشمىنىمۇ بولىدۇ». دوستلۇق — كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ مۇقەددەس پەزىلەت، ئۇ ئالاھىدە قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ئەڭگۈشتەر بولۇپلا قالماي، بەلكى

www.uyghurkitap.com



مەڭگۈ مەدھىيەلەشكە تېگىشلىك ئېسىل خىسلەت، دوستلۇق مەردانىلىك ۋە سېخىيلىقنىڭ ئانىسى، شۇنداقلا ھەسەتخورلۇق ۋە شەخسىيەتچىلىكنىڭ چىقىشالمايدىغان دۈشمىنى. ئۇ ئۆز ھاياتىدىن كېچىپ باشقىلارنى قۇتۇلدۇرۇشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتۈنلەي ئۆزلۈكىدىن بولىدىغان باشقىلارنىڭ ئۆتۈنۈشىنى كېرەك قىلمايدىغان خىسلەتتۇر.

دارۋىن: «نام - ئاتاق، شان - شۆھرەت، ھوزۇر - ھالاۋەت، مال - دۇنيا دېگەنلەر دوستلۇق ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ئەخلەت - چاۋاردىن ئىبارەت خالاس»، دېگەن. دېمىسىمۇ دوستلۇقنى مال - دۇنيا قاتارىدا قويۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى دوستلۇق پۇل، نام - ئاتاق، شان - شۆھرەت ۋە ھوزۇر - ھالاۋەت بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس، دوستلۇق گۈلى سەممىيلىك شەبنىمى بىلەن ياشنايدۇ، سەممىيلىك نۇرىدا تېخىمۇ جۇلالىنىدۇ.

گۇمان دوستلۇققا چۈشكەن مىتە، ھەسەتخورلۇق دوستلۇقنىڭ چىقىشالمايدىغان دۈشمىنى.

ھەسەتخورلۇق خاراكتېرى باشقىلارنىڭ بەختىنى ئۆزى ئۈچۈن ئازاب ھېسابلايدۇ، باشقىلارنىڭ بەختسىزلىكىدىن خۇشاللىنىدۇ. ئۆزىچىلىك ئەمەسلەرنى «ئەخمەق» دەپ مازاق قىلىدۇ. ئۆزىدىن ئېشىپ كەتكەنلەرنى ھىيلىگەر دەپ مازاق قىلىدۇ، مانا بۇ ھەسەتخورلۇق قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىكى قاباھەتلىك چۈش.

ھەسەتخورلۇق بىر تەتۈر قويۇن ھەم بىر ئېزىتقۇ ئوت. ھەسەتخورلۇق ئەمەلىيەتتە ئالغا ئىنتىلىشتىن باشلىنىپ پاسسىپلىققا قاراپ يۈزلەنگەن بىر خىل روھىي ھالەتنىڭ ئىپادىلىنىشى، پەقەت ھەسەتخورلۇقنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتقاندىلا توغرا كەيپىيات باش كۆتۈرەلەيدۇ، ئەل - ۋەتەن گۈللىنىدۇ، ئىختىساس ئىگىلىرى كۆپلەپ مەيدانغا چىقالايدۇ.

ئاتاقلىق رەسسام پىكاسسونىڭ دوستلۇققا بەرگەن «دۇنيادا پاك سەممىي دوستلۇققا ئىنتىلمەيدىغان ھېچقانداق ئادەم يوق، كىشى ئوتتۇرا ياشلىق مەزگىلدە دوستلۇقنىڭ قەدرىنگە، قېرىغاندا دوستلۇقنىڭ تەسەللىسىگە موھتاج، بولۇپمۇ جەمئىيەت بىلەن ئەمدىلەتىن ئۇچراشقان ياشلار تېخىمۇ موھتاج» دېگەن تەبىرىدەك ئۇلۇغ ھەم شەرەپ.

4. ساخاۋەت

بىر ئاق كۆڭۈل سېخىي كىشىنىڭ ناھايىتى كۆپ ئاشلىقى بار ئىدى. ئۇ تۇرغان شەھەردە ئۇزۇق - تۈلۈك قىسلىقى باشلاندى. سېخىي ئادەم بارلىق ئاشلىقنى دەردمەن، بىچارىلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ تۈگەتتى.

ئاچارچىلىق كۈچەيگەندە ئۆزىمۇ ئاشلىققا موھتاج بولۇپ قالغاندا كىشىلەر ئۇنىڭدىن «قىزىق ئادەم ئىكەنسەن؟ ئۆزۈڭ موھتاجلىققا چۈشۈپ قېلىشىڭنى بىلىپ تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن ئاشلىقىڭنى ئۈلەشتۈرۈپ بەردىڭ؟

سېخىي ئادەم دېدى:

«خەلق ئاچارچىلىقتا تۇرسا مەن راھەتتە ياشىسام ئىنسابسىزلىق قىلغان بولىمەن. ئاچارچىلىق ئازابىنى ئەل بىلەن بىرگە تارتىشنى، ئەل قايغۇسىغا شېرىك بولۇشنى ۋىجدانىم بۇيرۇدى، مەن ۋىجدانىم بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلدىم» دېگەن.

مانا بۇ ساخاۋەتلىك روھنىڭ نەقەدەر ئۈستۈن، نەقەدەر ئالىيجاناب پەزىلەتلىك ئىكەنلىكى قۇياش نۇرىدەك پارلاپ تۇرۇپتۇ.

5. گۈزەللىك

گۈزەل ئەخلاق گويا گۆھەرگە ئوخشايدۇ، ئۇ ساددا ئارقا كۆرۈنۈشى ئالدىدا تېخىمۇ گۈزەل كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭغا ئوخشاشلا ئاددىي ياسالغان، ئەمما سۇمباتلىق، ئەستايىدىل ۋە گۈزەل ئەخلاققا ئىگە كىشى ئادەمدە چەكسىز ھۆرمەت تۇيغۇسى ئويغىتىدۇ.

كەمتەر ئادەم ھەر دائىم تەجرىبە توپلايدۇ، ھاكاۋۇر دەسمايە يەيدۇ. جاسارەتلىك كىشىلەر ئوت دېڭىزىغا كىرىشتىنمۇ قورقمايدۇ. ئىشچانلار ۋاقىتنىڭ تېز ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلسا، ھورۇنلار ئاستا دەپ ھېس قىلىدۇ. ۋاپالىق كىشىلەر ئۆتكەن كۈننى ئۇنتۇمايدۇ، ۋاپاسىزلار ياردىسى ساقىيىشى ھامان ئاغرىقنى ئۇنتۇيدۇ.

ئېھ گۈزەللىك، سەن ئىنساننىڭ قەلب تەختىدە قۇدرەتلىك كۈچۈڭنى نامايان قىلىسەن، لېكىن ئىنساندا ئايدەك چىراي، قەلەم قاشلار، خۇمار كۆزلەر، غۇنچىدەك لەۋلەر بولسىمۇ، ياخشى خىسلەت، ئالىيجاناب پەزىلەت بولمىسا ئۇنىڭ ھايۋاندىن نېمە پەرقى بولسۇن؟

ھېكايەت

قەدىمكى دانىشمەنلەردىن ئەبۇليۇئىن:

— ئەقىل - ئىدراكتىن مەھرۇم بولغان باش سۇسىز بۇلاققا؛ ئەدەپسىز، تەربىيەسىز باش، ئېگەر - جابدۇقسىز ئاتقا؛ ھاياسىز خوتۇن تۇزسىز تائامغا؛ ئىلىمگە ئەمەل قىلمىغان ئالىم خۇش پۇراق، ئەمما گۈلى يوق بوستانغا ئوخشايدۇ، دېگەنىكەن.

جالىنوس شاگىرتلىرىغا:

— تۆت نەرسىگە، يەنى: يەنىلا مۇلايىملىق — ئەدەپكە، خۇشاللىق — خاتىرجەملىككە، يېقىنلىق — دوستلۇققا، ئەقىل — تەجرىبىگە موھتاج دەپ تەلىم بېرىپتۇ.

(توپلىغۇچى: خوتەن ناھىيە باغچە بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن ھوشۇر ئەمەت)

# «ياڭاق» ھەققىدە رىۋايەت



قەدىمكى زامانلاردا تارىم ئويمانلىقى چەكسىز بوستانلىق ئىكەن. ئاشۇ بوستانلىقلارنىڭ بىرىدە بىر ئوۋچى بار ئىكەن. ئۇ بىر كۈنى ئوغلىنى ئېلىپ قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئىچكىرىسىگە ئوۋ ئوۋلاشقا چىقىپتۇ. ئۇ زامانلاردا تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تاغۇ-ئېدىرلار ياپيېشىل ئورمانلىقلار قاپلىنىپ يىلبويى يېشىللىق ئىچىدە تۇرىدىكەن. ئوۋچى ئوغلى بىلەن بىر دەريا بويىغا بېرىپ ئارام ئالغاچ، شۇ ئەتراپتىكى ياۋا مېۋىلەرنى ئۈزۈپ يەپتۇ. ئوغلى مېۋىلەرنى يەۋېتىپ، قايسىدۇر بىر مېۋىلىك دەرەختىن ئۈزۈپ كەلگەن كۆكۈش مېۋىنى ئاغزىغا سېلىپ چايناپتىكەن ئاغزى بەتتەم بولۇپ تۈكۈرۈپ تاشلاپتۇ-دە، دادىسىدىن:

— بۇ قانداق مېۋە، ئەجەب ئاچچىقكەن، يېگىلى بولمايدىكەن، — دەپتۇ. ئوۋچى:

— بالام بۇ مېۋىنى يېگىلى بولىدۇ، «يەڭ ئاقلاپ يەڭ» — دەپتۇ. بالا ياڭاقنىڭ تېشىدىكى پوستىنى ئاقلاپتىكەن يەنە بىر قاتتىق پوستى چىقىپتۇ. ئۇنى تاش بىلەن چېقىپ مېغىزىنى يەپتۇ. يېگەنسېرى يېگۈسى كەپتۇ. ئۇلار ئوۋنى تۈگىتىپ يۇرتقا قايتىپتۇ. تاغدا يېگەن نامەلۇم مېۋە بالىنىڭ ئېسىدىن زادى چىقماپتۇ. ئوۋچى ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىپتۇ. ئارىدىن ئۇزاق زامانلار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى بالا دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ قاراقۇرۇم تاغلىرىغا ئوۋغا چىقىپ، قايتىشىدا ھېلىقى مېۋىنىڭ كۆچەتلىرىنى مەھەللىگە ئېلىپ كېلىپ تىكىپ ئۆستۈرۈپتۇ. يېقىن-يىراقتىكى كىشىلەر بۇ نامەلۇم خاسىيەتلىك مېۋىنى ئۆزلىرىنىڭ باغلىرىغا تىكىپ كۆپەيتىپتۇ. ئەمما بۇ دەرەخنىڭ نېمە دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن. ئۇلار بالىدىن بۇ دەرەخنىڭ نامىنى سوراپتىكەن، بالا بۇ مېۋىنى دەسلەپ يېگەندە دادىسىنىڭ «يەڭ ئاقلاپ يەڭ» دېگەن سۆزىنى ئېسىگە ئاپتۇ-دە، «يەڭ، ئاقلاپ» دېسەك بولغىدەك دەپتۇ. بىر زامانلارغىچە بۇ خاسىيەتلىك مېۋە «يەڭ ئاقلاپ» دەپ ئاتىلىپتۇ. كېيىنچە كىشىلەر بۇ دەرەخ نامىنى قىسقارتىپ «يەڭ ئاق» دەپ ئاتاپتۇ ۋە بارا-بارا «ياڭاق» بولۇپ ئومۇملىشىپتۇ.

**زاغۇنلۇق قەدىمكى شەھىرى ھەققىدە رىۋايەت**

رىۋايەت قىلىنىشىچە، زاغۇنلۇق قەدىمكى شەھەرنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان بىر دەريا بار ئىكەن، دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكىلەر ئوقيالىقلار، بۇ قېتىدىكىلەر باغيالىقلار دەپ ئاتىلىدىكەن. ئوقيالىقلار چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. باغيالىقلار بولسا دەريانىڭ مول سۇلىرى بىلەن ھەر خىل زىرائەتلەرنى تېرىپ، باغ - ۋارانلارنى ئەھيا قىلىپ باياشات تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. گەرچە ئۇلارنىڭ ئىش-ئوقەتلىرى ئوخشىمىسىمۇ، ئۆزئارا ئېلىم-بېرىم قىلىشىپ ئىناق ياشاپتۇ.

ئىككى قەبىلە ئەنە شۇنداق ئىجىل ئۆتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى بۇ جايغا شەرق تەرەپتىن بىر توپ كارۋانلار كېلىپ باغيالىقلارنىڭ مەھەللىسىگە چۈشۈپتۇ، كارۋانلار ئارىسىدا غومچاقغۇم دەيدىغان بىر يەكچەشمە بار ئىكەن. بىر كۈنى باغيالىقلار يىغىلغان سورۇندا ۋەزە ئوقۇپ:

— سىلەر جاھاندىن بىخەۋەر ئادەملەر ئىكەنسىلەر، يېقىنلا يەردە خۇدايىم بەرگەن ھېسابسىز ئالتۇن تاغلىرىڭلار تۇرۇۋۇقلۇق، كۈندە دېگۈدەك يەر تېرىش، باغ ياساش بىلەن ئۆتىدىكەنسىلەر، تاغدىن ئالتۇن كولىغىلار، ئالتۇن دېگەن 1000 يىلدىمۇ جېنىڭلارغا جان، نېنىڭلارغا نان بولىدۇ، — دەپتۇ. باغيالىقلار غومچاقغۇمنىڭ دېگەنلىرىنى بىر ھازا ئويلاشقاندىن كېيىن:

— غومچاقغۇم توغرا دەپتۇ. يەر تېرىش، باغ ئەھيا قىلىشقا نېمە كەپتۇ، تاغدىن ئالتۇن كولاپ تېزلا بېيىپ كەتكۈدەكمىز، — دېيىشىپتۇ. بىر قىسىم باغيالىقلار بولسا، زىرائەت تېرىش ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن بىزگىچە كەلگەن ئۇدۇمغۇ، رىزقىمىزغا شۈكۈر قىلايلى، — دەپتۇ. ئەمما كۆپ ساندىكى باغيالىقلار ئالتۇن كولاشقا قىزىقىپ، يەرلىرىنى تاشلاپ تاغقا قاراپ مېڭىپتۇ. زاغۇنلۇق شەھىرىدە (چەرچەن قەدىمكى شەھىرىدە) ئادەم كۆپ ئىكەن، ئۇلار كەلكۈندەك يېپىلىپ تاغدىن ئالتۇن كولاشقا تۇتۇش قىپتۇ. تاغلارنى تۈزلەپتۇ، بىپايان يايلاقلارنى كولاپتۇ. ئىش شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىپ، ئالتۇن تاغدا ئوت-چۆپ تۈگەپ، يايلاقلار تۈگىشىپ، چارۋىلار ئۆلۈشكە، ياۋايى ھايۋانلار پېتىراپ كېتىشكە باشلاپتۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن ئوقيالىقلار ئىلگىرىكى ئىناقلىقنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ باغيالىقلارغا جەڭ ئېلان قىپتۇ. ئۇلار 40 ئاي، 40 كۈن قانلىق جەڭلەرنى قىلىپ، ئاخىر باغيالىقلارنى يېڭىپتۇ، ئوقيالىقلار غەلىبە قىپتۇ. ئەمما ئوقيالىقلارنىڭ چارۋىچىلىقى، ئوۋ غەنىيمەتلىرى غايىب بوپتۇ. باغيالىقلارنىڭ بىپايان ئېكىنزارلىرىنىڭ ئورنىغا چۆل-جەزىرە ئالمىشىپتۇ. زاغۇنلۇق قەدىمكى شەھىرى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان ئەزىم دەريامۇ قۇرۇپ كېتىپتۇ. ئاخىر تەكلىماكاندىن كەلگەن كۆچمە قۇملار بۇ شەھەرنى بېسىپ كېتىپتۇ.

## «دۆڭگىلدىمە كۆل» ھەققىدە رىۋايەت

رىۋايەتچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە: بۇنىڭدىن خېلىلا ئىلگى-



رىكى زامانلاردا چەرچەن دىيارى سۇلىرى مول، نوپۇسى كۆپ، خەلقى باياشات، گۈللەنگەن، تېرىلغۇ يەرلىرى كەڭرى، باغۇ-بوستانلىقلارغا پۈركەلگەن كاتتا يۇرت ئىكەن. ئارىدىن ئۇزاق زامانلار ئۆتۈپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە توساتتىن چەرچەن دەرياسىنىڭ سۈيى ئۈزۈلۈپ قېلىپ چەرچەن دىيارى قۇرغاقچىلىق تەھدىتىگە دۇچ كەپتۇ. بۇ ئەھۋال ئىزچىل داۋاملاشقاچقا، بۇ جايدىكى كىشىلەر ياشاشقا ئامالسىز قېلىپ، بۇ جاينى تاشلاپ تەرەپ-تەرەپكە پېتىراپ كۆچۈشكە باشلاپتۇ. چەرچەن دەرياسىنىڭ بويىدا كۆجۈم مەھەللىلەرنىڭ بىرىدە پەم-پاراسەتلىك، كۈچتۈگۈر توختى توپاق ئىسىملىك بىر دېھقان ياشايدىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئۆز يېنىغا يۇرتتىكى ئوت يۈرەك ئەل-ئاغىنىلىرىنى يىغىپ:

— چەرچەن دەرياسى سۈيىنىڭ توساتتىن ئۈزۈلۈپ قېلىشىدا چوقۇم بىر سەۋەب بار، دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپىگە بېرىپ قاراپ باقساقمىكىن، — دەپتۇ. ئۇلار توختىنىڭ باشچىلىقىدا دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپىگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا يېتىپ بېرىپتۇ. قارىغىدەك بولسا دەريا ئېقىنىنى غايەت زور بىر مەخلۇق توسۇپ ياتقىدەك، بۇ ئەسلىدە تاغ ئىچىدە ياشاپ كەلگەن زور مەخلۇق قارا باش لەھەڭ ئىكەن، ئۇ دەريانى توغرىسىغا توسۇپ يېتىۋالغاچقا، دەريا سۈيى توسۇلۇپ قالغانىكەن. توختى دەرھال بۇ خەۋەرنى يۇرت خەلقىگە يەتكۈزۈپ، خىللانغان 100 يىگىتنى ئېلىپ كېلىپ، بۇ ياۋۇز لەھەڭنى دەريا قېنىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، يۇرتقا سۇ يەتكۈزۈشكە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار بۇ تاغدەك زور لەھەڭنى دەريا قېنىدىن قوغلاش ئۈچۈن ئۆزلىرى ئېلىۋالغان ئوقيالىرىدىن قارا باش لەھەڭگە قارىتىپ ئۈچ كېچە-كۈندۈز ئوق ئۈزۈپتۇ. لەھەڭ مىدىر-سىدىر قىلماپتۇ. ئاخىر ئۇلارنىڭ ئوقدانلىرىدىكى ئوقلىرى تۈگەپتۇ. توختى توپاق كۆپچىلىككە:

— ئوقلىرىمىزنى ئېتىپ تۈگەتتۇق، ئوقيا ئوقلىرى كار قىلمىدى، لەھەڭنى دەريا قېنىدىن ھەيدىۋەتكىلى بولمىدى. ئاخىرقى چارە شۇكى، بەتلەنگە ياساپ، ئەتراپىمىزدىكى تاغلاردىن تاش يۆتكەپ تاش بورىنى ئارقىلىق لەھەڭنى ئورنىدىن قوزغىتىش، — دەپتۇ. يىگىتلەر توختىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە يۇرتقا قايتىپ، ئەڭ ياخشى ياغاچلاردىن بەتلەنگە ياساپ كېلىپ، قوراملىق① دېگەن جايدىن يوغان-يوغان تاشلارنى يۆتكەپ كېلىپ، ئۆزلىرى ياسىۋالغان بەتلەنگىلىرى ئارقىلىق قارا باش لەھەڭگە تاش بورىنى ھۇجۇمى باشلاپتۇ. بۇ قاتتىق زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن لەھەڭ ئورنىدىن يۇلقىنىپ قوپۇپ، كونا دەريا ئېقىنىنى بويلاپ تۆۋەنگە قاراپ قېچىپتۇ. لەھەڭنىڭ يۆتكىلىشى بىلەن لەھەڭ توسۇپ ياتقان سۇدىن غايەت زور كەلكۈن ئاپىتى پەيدا بولۇپ، دەريا قېنىدىن تاشقان سۇلار دەريا ۋادىلىرىدىكى يۇرت-مەھەللىلەرنى، ئېكىنزارلىرىنى بېسىپ كېتىپ، بۇ قەدىمكى يۇرت ئورنىدا سۇلىرى ئۆركەشلەپ تۇرىدىغان زور دېڭىز ھاسىل بوپتۇ. قارا باش لەھەڭ شۇ قاچقانچە چەرچەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ساھىلىدىكى ئاقتاز ② دېگەن جايغا بېرىپ، دەريانى يەنە توغرىسىغا توسۇپ يېتىۋاپتۇ. توختى توپاق يۇرتتىكى خەلقنى تەشكىللەپ كەلكۈندىن ئامان قالغان دەل-دەرەخلەرنىڭ شاخ-شۇمبىلىرىنى يىغىپ يېيىتىپ ئارىسىغا تاش پارچىلىرىنى تۆكۈپ پۇختا يۆگەپ بەتلەنگە بىلەن لەھەڭنىڭ ئۈستىگە ئېتىشقا باشلاپتۇ. 99 كۈن بولغاندا لەھەڭ بۇ جايدىن غايىب بولۇپ، ئورنىدا بىر كۆل ھاسىل بوپتۇ. دەريا ئېقىنى ئۆز يولى بىلەن ئېقىپتۇ. كەلكۈندىن پەيدا بولغان دېڭىز سۈيى تارتىلىپ چەرچەن دىيارى قايتىدىن بىنا بوپتۇ، گۈللەپ ياشناپتۇ. لەھەڭ غايىب بولغاندا پەيدا بولغان ھېلىقى كۆلدە قارا باش لەھەڭ ھازىرمۇ بار ئىكەن. پۇرسەت بولسا يەر يۈزىگە چىقىشنى كۈتۈپ ياتىدىكەن، شۇڭا ھازىرمۇ بۇ كۆل ئەتراپىغا ھەرقانداق ئادەم يېقىنلاشسا، كۆلدىن «دۈڭ، دۈڭ» قىلغان ئاۋاز چىقىدۇ، چەرچەنلىكلەر ھازىرمۇ بۇ كۆلنى «دۈڭگىلدىمە كۆل» دەپ ئاتايدۇ.

ئىزاھات:

① قوراملىق — چەرچەن دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدىكى قوراملىق يېزىسى.

② ئاقتاز — تاتىراڭ يېزىسى تەۋەسىدىكى جاي. ئىلگىرى چەرچەن-چاقىلىق يولىدىكى ئۆتەڭ بولغان.

* بەتلەنگە — ياغاچتىن ياسالغان قەدىمكى يىراققا تاش ئېتىش قورالى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: چۆڭكۆل يېزا قىيانلىق كەنتتىن: ھۆسەن ئاخۇن قامغاق

توپلىغۇچى: تۇرسۇن بەكرى (چەرچەن ناھىيەلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدە)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ۋە قومۇل شىۋىسى

ئۆمەر تالىپ

مەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى سۆزلەملەر بىلەن قومۇل شىۋىسىدىكى سۆزلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، قومۇل شىۋىسىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى سۆزلەملەر بىلەن شەكىل ۋە مەنە جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدىغان 500 دىن ئارتۇق سۆز-ئاتالغۇنىڭ بارلىقىنى، بىر قىسىم ماقال-تەمسىللەرنىڭ ھازىرمۇ قومۇل شىۋىسىدە ساقلىنىپ، ئىستېمال قىلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

نېمە سەۋەبتىن قومۇل شىۋىسى تەركىبىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تۈرك تىللىرى كۆپ ساقلانغان؟ بۇنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ. ئالىملارنىڭ تەتقىقاتلىرى ۋە ئۆزۈمنىڭ ھېس قىلغانلىرىم بويىچە تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

بىرىنچى، تارىختا ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلگەن قومۇل قاراخانىلار خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى شەھەرلەردىن 400 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن كېيىن ئىسلام دىنىغا كىرگەن. موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا باشقا رايونلارغا قارىغاندا ئۇزاق تۇرغان. بۇددا دىنى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنى ئۇزاق ۋاقىت داۋاملاشتۇرغان. ئەرەب، پارس تىلىنىڭ تەسىرىگە ئەڭ كېيىن ئۇچرىغان.

ئىككىنچى، قومۇللۇقلارنىڭ لەقەملىرىنى (جەمەتلىرى-

نى) سۈرۈشتۈرگەندە قەدىمكى تۈرك قەبىلىلىرىدىن ئوغۇز، قارلۇق، چۇمۇل، چارۇق، چۆل، ئەلگە بۇلاق قەبىلىلىرىنى ئۆز تەركىبىگە سىڭدۈرگەنلىكى؛ قەدىم زامانلاردىن بۇيان، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن قومۇل تاغ خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئىپتىدائىي چارۋىچىلىق دەۋرىدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنى ساقلاپ قالغان، ھەتتا ئۇرۇق- قەبىلەر دەۋرىدىكى چارۋىلارغا باسىدىغان ئەن- تامغىلارنى خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى چارۋىلار كوللېكتىپ ئىگىلىككە ئۆتۈپ كەتكىچىلىك (1956- يىلغىچە) ساقلاپ كەلگەن. ھازىرقى ۋاقىتتىمۇ بەزى چارۋىلار قەدىمكى زاماندىكى تامغىلارنى ئات، كالىلىرىغا بېسىپ ئۆز چارۋىلىرىنىڭ بەلگىسى قىلماقتا.

ئۈچىنچى، قومۇل ۋاڭلىقىنىڭ 233 يىللىق توققۇز ئەۋلاد داۋاملاشقان ھۆكۈمرانلىقى قومۇل خەلقىنىڭ بېكىنمە ھالەتتە ياشىشىغا سەۋەبچى بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ كۆپرەك ساقلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

تۆتىنچى، دۇنيادا ساپ تىل يوق. مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇشلىرى سەۋەبلىك بىر مىللەتنىڭ تىلى يەنە بىر مىللەتنىڭ تىل تەركىبىگە سىڭىپ كىرىدۇ. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە لۇغەت سوستانىنى بېيىتىش، تولۇقلاش رولىنى ئوينايدۇ. قومۇل شېۋىسى تەركىبىگە خەنزۇ، موڭغۇل، مانجۇ تىللىرىنىڭ سىڭىپ كىرگەنلىكىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. قومۇلدا «سۇكچىلەر*» جەمەتىنىڭ بولغانلىقى، «مانجۇلار» جەمەتىنىڭ بولغانلىقى، بىر قىسىم يەر- جاي ناملىرىنىڭ موڭغۇلچە (قالماقچە) ئاتىلىشى يۇقىرىقى سۆزىمىزنىڭ دەلىلى بولالايدۇ.

بەشىنچى، بىر قىسىم شەيئى، ھادىسىلەرگە ئۆزلىرى ئىسىم ئىجاد قىلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن.

مەسىلەن، قارنى يورۇق (كاۋاۋىچىن)... قومۇل شېۋىسىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي لۇغەت تەركىبىنى تەشكىل قىلىدىغان تۈركىي تىللار بىر قەدەر كۆپرەك بولۇپ، يېمەك- ئىچمەك، كىيىم- كېچەك، يەر- جاي، كىشىلەرنىڭ بەدەن ئەزالىرى ۋە چارۋىچىلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ئائىت تىللار كۆپرەك ئۇچرايدۇ. قومۇل شېۋىسىدىكى بەزى سۆزلۈكلەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىغا كىرگۈزۈپ، لۇغەت بايلىقىنى بېيىتىشقا ۋە يېڭى سۆزلەكلەرنى ياساشقا بولىدۇ.

قومۇل شېۋىسىدە ساقلانغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىللىرى ھازىرقى كۈندە مەدەنىيەت مەركەزلىرىگە بىر قەدەر يىراقراق بولغان يېزا- قىشلاقلاردا كۆپرەك ساقلانماقتا، شۇنداقلا ياشانغان كىشىلەرنىڭ تىللىرىدا كۆرۈلمەكتە.

قومۇل شېۋىسى بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى سېلىشتۇرۇشتا مۇنداق ئۇسۇل قوللاندىم: 1) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى 32 ھەرىپنىڭ ئېلىپبەدىكى تەرتىپى بويىچە رەتكە تۇرغۇزدۇم. 2) «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى قىسقارتىپ «دىۋان» دەپلا ئاتىدىم. 3) قومۇل شېۋىسىدە كۆرۈلىدىغان سۆز قۇرنىڭ بېشىغا ئېلىندى. ئارقىدىن «دىۋان»نىڭ قانچىنچى توم، قانچىنچى بېتىدە قومۇل شېۋىسىدىكى ئاشۇ سۆز نېمە دەپ ئاتالغانلىقى ۋە قانداق ئىزاھات بېرىلگەنلىكى يېزىلدى. ئاندىن كېيىن قومۇل شېۋىسى بىلەن مەزمۇن، شەكىل جەھەتتىن سېلىشتۇرۇپ مىساللار ئېلىندى. قومۇل شېۋىسىدىكى بېيىت- نەزمىلەر، ماقال- تەمسىللەر، ئورۇن- جاي نامى... قاتارلىقلار شېۋىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن مىسال قاتارىدا كۆرسىتىلدى.

تۆۋەندە قومۇل شېۋىسىدىكى سۆزلەر بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى سۆزلەرنى ئايرىم- ئايرىم سېلىشتۇرۇپ ئۆتەيلى:

### ئا

1. ئات «دىۋان»دا «(116-1)لەقەم، ئۇنۋان» دەپ ئىزاھلانغان.

بۇ سۆز قومۇل شېۋىسىدىكىگە شەكىل ۋە مەنە جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ «ئاتىنى كىم قويۇر؟ — ئاتاڭ» دېگەن بۇ سۆز بار. بۇ يەردىكى «ئات»، «لەقەم» مەنىسىدە. «ئاتالغان ئادەم» دېگەن سۆزىمۇ بار، بۇ سۆز «ئۇنۋان» مەنىسىدە كەلمىسىمۇ «داڭلىق ئادەم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

2. ئايپاڭ «دىۋان»دا «(158-1)ئايپاڭ، ئايپاڭ باش ئادەم» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شەھىرىنىڭ ئاستانە بازىرىدا «ئايپاڭ» دېگەن يەر بار.

*سۇكچىلەر — گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جوچۇەن ۋىلايىتى سۇجۇ ناھىيەسىدە ئولتۇرۇپ، قومۇلغا قايتىپ كەلگەن.

www.uyghurkitap.com



3. ئارقاق «دىۋان»دا «(1-159) ئارقاق، رەختنىڭ ئارقىغى» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شۆۋىسىدە مەنىسى سەل كېڭەيگەن بولۇپ، رەختنىڭ ئارقا تەرىپىنى بىلدۈرۈشتىن سىرت قولاقتا سالىدىغان ھالقىنى، ئارقىدىن چېتىپ قويىدىغان يىپ ياكى ئىنچىكە زەنجىرنىمۇ «ئارقاق» دەپ ئاتايدۇ.

4. ئارداق «دىۋان»دا «(1-161) ئارداق، بۇزۇق، بۇزۇلغان» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شۆۋىسىدىمۇ ئاساسەن ئوخشاش مەنە ۋە شەكىلدە كېلىدۇ. يەنى قوغۇن پىششىتىن ئۆتۈپ، ئىچى سۇيۇقداپ، تەمى بۇزۇلۇپ كەتسە بۇنى «قوغۇن ئارداپ كېتىپتۇ» دەيدۇ.

5. ئاپا بۇ سۆز «دىۋان»دا «(1-161) ئاپا، ئانا، ئوغۇزچە» دەپ ئىزاھلىغان.

قومۇل شۆۋىسىدە بىر نەرسىدىن تۈيۈقسىز قورقۇپ كەتكەندە «ئاپا» دەپ ۋارقىراش بار ئىدى. بۇ «ئاپا» دېگەنلىك بولۇپ، بۇ سۆز «ئانا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈشتىن تاشقىرى «ئاچا» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ، قومۇلنىڭ تاغ رايونلىرىدا «ئاچا»نى ھازىرمۇ «ئاپا» دەيدۇ. كىرىيەدىمۇ «ئاچا»نى «ئاپا» دەيدىغان ئادەت بار.

6. ئاقتۇرما بۇ سۆز «دىۋان»دا «(1-562) تۆرۈپ» دەپ ئىزاھلىغان.

قومۇل شۆۋىسىدە «دىۋان»دىكىدەك «تۇرما» سۆزى ئايرىم قوللىنىلمىسىمۇ بۇ سۆزنىڭ ئالدىغا «ئاق» سۈپەت قوشۇلۇپ «ئاقتۇرما» دەپ قوللىنىلىدۇ، مەنىسى تۆرۈپ دېگەنلىكتۇر.

7. ئالاڭ، بۇ سۆز «دىۋان»دا «(1-182) ئوچۇقچىلىق، ھاللاڭ» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شۆۋىسىدە مەنىسى ئوخشاش بولۇپ مۇنداق بىر قوشاق بار:

«ئاسمانلار ئالاڭلاپتۇ، يۇلتۇزلار شالاڭلاپتۇ،
ئىزدەڭلەر سورىماڭلار، يار بىزدىن يامانلاپتۇ».

8. ئالقىداش «دىۋان»دا «(1-131)ئالقىشلاندى» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شۆۋىسىدە «قارشى ئېلىش»، «ئالقىشلاش» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. بۇ «دىۋان»دىكىگە ئوخشاش.

9. ئايدى بۇ سۆز «دىۋان»دا «(1-358) ئايدى، كۆڭلىنى قىلدى، تۈننى مەندىن ئايدى (ئاسرىدى) دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. قومۇل شۆۋىسىدىمۇ مەنە ۋە شەكلى ئوخشاش ساقلانغان.

مەسىلەن: بۇ ئىشتا ئۆزۈڭنى ئايا (ئاسرا)

10. ئاغىچى بۇ سۆز «دىۋان»دا «(1-184) ئاغىچى، يىپەك رەختلەرنى ساقلىغۇچى، خەزىنىچى» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شۆۋىسىدە شەكلى ئوخشاش بولسىمۇ، مەنىسى ئۆزگەرگەن بولۇپ، ۋاڭ بەگلەرنىڭ ئاياللىرىغا قارىتىلىدۇ. قازان يۇغۇچنى «ئاغىچا قاۋاق»، «ئاغىچا يۇغۇچ» دەيدىغان سۆزمۇ بار.

11. ئاتىغى «دىۋان»دا «(1-184) ئاتاقى، ئاتىكام دېگەن مەنىدە بولۇپ، سۆيۈمچانلىقنى بىلدۈرىدۇ» دېيىلگەن. قومۇل شۆۋىسىدە ئىنىك ئانىنىڭ ئېرىنى «ئاتىغى» دەيدۇ. مەسىلەن: يارى ئاتىغى دېگەندەك.

12. ئارىپخان «دىۋان»دا «(1-189) ئارىپخان، ئارپىغا ئوخشاش ئۆسۈملۈك باشقى بولسىمۇ، دېنى بولمايدۇ» دېيىلگەن. بۇ سۆز شەكىل ۋە مەنە جەھەتتىن «دىۋان»دىكىگە ئوخشاش.

13. ئاداشلىق «دىۋان»دا «(1-102) ئاداشلىق، دوستلۇق» دەپ ئىزاھلىغان. قومۇل شۆۋىسىدە مەنىسى كېڭەيگەن بولۇپ، بىرى، ئىككى كىشىنىڭ ئىسمى ئوخشاش بولسا «ئاداش» دېيىلىدۇ، يەنە بىرى، «دوستلۇق» سۆزى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. يەنە بىر مەنىسى «ئۇ ئويناپتۇ» دېيىلسە، «ئاشنا ئويناپتۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈردۇ.

«قارا قاشىم بار مېنىڭ،
كۆيدۈرمە قاش لازىم ئەمەس.
بىر ئاداشىم بار مېنىڭ،
ئىككى ئاداش لازىم ئەمەس».

بۇ قوشاقتا «ئاداش» سۆزى «ئاشنا» دېگەن مەنىدە كەلگەن.

14. ئاغىناتتى «دىۋان»دا «(1-353) ئاغىناتتى، ئېغىناتتى، قورىدى» دەپ ئىزاھلىغان. قومۇل شۆۋىسىدە پەقەت «ئېغىناتتى» مەنىسىدىلا كېلىدۇ.

15. ئاغ «دىۋان»دا «(1-110) ئاغ، چاتارا، چات» دەپ ئىزاھلانغان. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى قومۇل شۆۋىسىدە سەل تارايغان بولۇپ ئىشتاننىڭ ئېغىغىلا قارىتىلىدۇ.

16. ئاق ساي «دىۋان»دا «(1-111) ئاقساي —

بىر يەرنىڭ نامى» دېيىلگەن. قومۇلنىڭ شەرقىدە گەنسۇ ئۆلكىسى تەۋەسىدە «ئاقساي قازاق ئاپتونوم ناھىيەسى» بار.

17. ئاران «دىۋان»دا «(1−105) ئېغىل، ئاران، قوتان» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شىۋىسىدە بۇ سۆز مۇستەقىل قوللىنىلمىسىمۇ «ئېغىل-ئاران» دېيىلىپ جۈپ سۆز شەكلىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

18. ئانداق بۇ سۆز «دىۋان»دا «(1−160) شۇنداق» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شىۋىسىدە «ئاندا» دېگەن سۆز بار. بۇنىڭ مەنىسى «ئاۋۇ يەردە»، «ئاشۇ يەردە» دېگەن بولۇپ، «ئاندا» سۆزىگە «ق» ھەرپى قوشۇلۇپ، «ئانداق»، «شۇنداق» دېگەن كۆرسىتىش ئالماش ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

— «ئاندا بولايمىكىن مۇندا بولايمىكىن،
يارىم ئاندا يالغۇز بولسا ھەمراھ بولايمىكىن.
— ئانداقمۇ بولماسمەن، مۇنداقمۇ بولماسمەن،
يارىم ئاندا يالغۇز بولسا ھەمراھمۇ بولماسمەن».

19. ئاختاردى «دىۋان»دا «(1−293) ئاغدۇردى» دەپ ئىزاھلىغان. «يەنە ئۇ يەر ئاختاردى» دەپ مىسال كەلتۈرۈلگەن. قومۇل شىۋىسىدە «ئاختاردى» سۆزى پەقەت يەر ئاغدۇرۇشقىلا قارىتىلىدۇ. دىۋاندىكىدەك «بوران دەرەخنى ئاغدۇردى» دېمەيدۇ. «ئادەم تاشنى ئاغدۇردى» دېمەيدۇ، بەلكى بوران دەرەخنى ئۆرۈۋەتتى، تاشنى دۈگىلەتتى (دومىلاتتى)» دەپ قوللىنىلىدۇ.

دېمەك، ئاختاردى سۆزىنىڭ مەنىسى قومۇل شىۋىسىدە تارايغان.

20. ئاچچىقلىق «دىۋان»دا «(1−203) چىرايىدىن خاپىلىق چىقىپ تۇرۇش» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن.

قومۇل شىۋىسىدە «q» ھەرپى «q»غا ئۆزگەرگەن بولۇپ، مەنىسى ئوخشاش. مەسىلەن، «ئۇ ئاچچىغلىق ئۆيگە كىردى» دېگەندەك.

21. ئالچۇق بۇ سۆز «دىۋان»دا «(1−184) ئالچۇق، كەپە» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇلدا ئاساسەن قوغۇنلۇقلاردا شاخ-شۇمبىلار بىلەن ياسالغان كەپىنى «ئالچۇق» دېيىش ئادەتلەنگەن. «تام ئالچۇق» دېگەن سۆزمۇ بار. بۇ تۆت تېمى سوقما تام ياكى كېسەكتىن ياسالغان، تۆپىسى (ئۆگزىسى) شاخ-شۇمبىلار بىلەن ۋاقىتلىق ئولتۇرۇشقا ياسالغان ئۆيگە قارىتىلغان.

22. ئاق تېرەك (1−111) قومۇل شەھرى ئاستانە بازىرى «شار» كەنتىدە «ئاق تېرەك» دېگەن جاي بار. قومۇل شەھرى قارا دۆۋە يېزا لاپچۇق كەنتىدىمۇ «ئاق تېرەك» دېگەن جاي بار.

ئارا تۈرۈك ناھىيە نېرىنكىر يېزىسىدا «ئاق تېرەك غوجام» دېگەن جاي بار.

ئە

23. ئەن «دىۋان»دا «(1−68) بىر نەرسىنىڭ ئىنى» دەپ ئىزاھلىغان. قومۇل شىۋىسىدىمۇ شەكىل ۋە مەزمۇنى ئوخشاش. ئەمما توي قىلغان قىزنىڭ ئالدىغا قويىدىغان كىيىم-كېچەكلەردە تىككىلىك كىيىم ئەكەلمەي كېيىملىك رەخت ئەكەلگەن بولسا «ئەن رەخت ئەكەپتۇ» دېگەندەك سۆزلەرمۇ قوللىنىلىدۇ.

24. ئەل «دىۋان»دا «(1−68) ئىككى خان ياكى بەگ ئارىسىدىكى يارىشىش» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شىۋىسىدە «تەسلىم بولۇش» (مەسىلەن، «دۈشمەن ئىككى قولنى كۆتۈرۈپ ئەل بولدى» دېگەندەك) ھەم يارىشىش مەنىسىدە كېلىپ مەنىسى سەل كېڭەيگەن.

25. ئەلكۈن (1−42) «دىۋان»دا مەھمۇد كاشغەرى «شىۋىلەردىكى پەرقلەر توغرىسىدا توختىلىپ: تۈركلەر «مۇساپىر»نى «يەلكىن» دېسە، ئوغۇزلار بىلەن قىپچاقلار «ئەلكىن» دەيدۇ دەپ كۆرسەتكەن.

قومۇل شىۋىسىدە سۆزنىڭ شەكلى ئاساسەن ئوخشاپ كەتسىمۇ مەنىسى ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: بۇ ئىش ئەلكۈن ئالدىدا سەت بولدى دېيىلسە، «ئەل - جامائەت، خالايىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

26. ئەت «دىۋان»دا «(1−45) ئەت، گۆش» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شىۋىسىدە «ئەت» سۆزى مۇستەقىل قوللىنىلمىسىمۇ، «ئەتلىك بالا»، «ئەت توپىلىق يەر» دېگەندەك سۆزلەردە ئىشلىتىلىپ، «گۆشلۈك» مەنىسىدە كېلىدۇ. قومۇلنىڭ مەلۇم بىر جايىدا «ئەت نىياز» دېگەن كىشى ئۆتكەن ئىكەن، ئۇ سېمىز، گۆشلۈك كىشىكەنتۇق.

27. ئەرەن «دىۋان»دا «(1−104) ئەرلەر «ئەر» سۆزىنىڭ ئاز ئۇچرايدىغان بىر خىل كۆپلۈك شەكلى» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن.

قومۇل شىۋىسىدە ئەينەن ساقلانغان. مەسىلەن:

«يالغۇز تۇيۇن خۇش يەر ئىكەن
ئون بەش كۈن تۇردۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



مەن-مەن دېگەن ئەرەنلەرنىڭ
ھالىنى سورىدۇق»

28. ئەرىن «دىۋان»دا «(1-105) ئەرىن، كالپۇك» دەپ ئىزاھلانغان. بۇ سۆز قومۇل شىۋىسىدىمۇ ئوخشاش شەكىل ۋە مەزمۇندا ساقلانماقتا.

مەسىلەن، ئەرنىم گېزىرىپ قاپتۇ (كالپۇكۇم گەز باغلاپ قاپتۇ).

29. ئەرسەك «دىۋان»دا «(1-140) ئەرسەك، ئەرگە تېگىشكە ئالدىرىغان قىز-چوكان» دەپ چۈشەندۈرگەن، قومۇل شىۋىسىدە «ئەرسەك، ئەر كەلسە بەرسەك» دېگەن ماقال بار.

30. ئەرتە «دىۋان»دا «(1-168) ئەرتە، ئەتە» دەپ كۆرسىتىلگەن بولۇپ، قومۇلنىڭ ئاراتۇرۇك ناھىيەسى ۋە تاغ-رايونلاردا ھازىرمۇ «دىۋان»دىكىگە ئوخشاش «ئەرتە» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

31. ئەرتىش «دىۋان»دا «(1-209) ئېرىنغداۋېرىدىغان» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شىۋىسىدىكى «ئەرتىش» سۆزى «سۈرتۈش»، «پاكىزلىق» مەنىسىدە بولۇپ، ئادەتتىكى تىل ئىستېمالىدا ۋە قومۇل خەلق ناخشىلىرىدا بۇ سۆز ئەينەن ساقلانغان.

مەسىلەن، «باسىلا كەلمەيدىلا، ياغلىقلىرى قالسۇن ماڭا،
يىغلىسام ياشىمنى ئەرتەي ھەمراھ بولسۇن ماڭا».

يەنە «ئاپام ئاشلىق ئەرتكىلى كەتتى» دېگەندەك.

32. ئەندۇ بۇ سۆز «دىۋان»دا «(1-143) ئەندۇ، ئۆندەرگەن ئادەم» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. قومۇل شىۋىسىدە «غەلىتە»، «بىنورمال» دېگەن مەنىدە بولۇپ، مەسىلەن، «ئەندۇ ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەم» دېگەندەك.

33. ئەمگەك «دىۋان»دا «(1-148) amgak ئەمگەك، جاپا» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شىۋىسىدە «ئەمگەك» دېگەن مەنىنى بېرىشتىن تاشقىرى «ئەمگەكلىك ئادەم» دېيىلسە، «جاپاكەش ئادەم» دېگەن مەنىدە.

34. ئەش «دىۋان»دا «(1-65) بالا ھەمرىيى، يولدىشى» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شىۋىسىدە «ئەش چۈشۈپتۇ» دېگەن سۆز بار بولۇپ، «بالا ھەمرىيى» ياكى «يولدىشى چۈشۈپتۇ» دېگەن مەنىدە.

35. ئەلەنجە «دىۋان»دا «(3-609) بۇزۇقلۇقى مەلۇم بولۇپ قالغان بىر ئىشتا يول كۆرسەتكەن كىشىنى ئەيىبلەش، تاپا-تەنە قىلىش» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن.

قومۇل شىۋىسىدە «ئامال-چارە» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، ئۆلۈمگە ئەلەنجە يوق دېگەندەك.

36. ئەسكى «دىۋان»دا «(1-174) ئەسكى، كونا» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شىۋىسىدە «دىۋان»دا كۆرسىتىلگىنىگە شەكىل ۋە مەنە جەھەتتىن ئوخشاش. قومۇل شەھىرىنىڭ قارا دۆۋە يېزىسىنىڭ جەنۇبىدا «ئەسكى شار» دەپ ئاتىلىدىغان يەر بار. بۇ «كونا شەھەر» دېگەن مەنىدە. خۇيى ئەسكى خوتۇن (ئىدىيوم، يامان خۇيلۇق خوتۇن).

37. ئەلەندى «دىۋان»دا «(1-332) ئەگلەندى، تاسقالدى» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شىۋىسىدە بۇ سۆزنىڭ شەكلىدە ئازراق ئوخشىماسلىق بار، ئەمما مەنىسى ئوخشاش.

38. ئەركى «دىۋان»دا« (1-134) شۈبھە، گۇماننى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆز»، «ئۇ كېلەرمىكىن، دەپ سوئالنى بىلدۈرۈپمۇ كېلىدۇ» دېيىلگەن.

«ئەركى» ياردەمچى سۆزى قومۇل شىۋىسىدە مۇستەقىل ئىشلىتىلمىسىمۇ، ئىستېمالدا «كېلەرمىكى» دېيىلىپ بەزى جايدا سوئال مەنىسىدە، بەزى جايلاردا گۇمان مەنىسىدە كېلىدۇ. «كېلەرمىكىن» دېگەن بۇ سۆزنى تىل ئالىملىرى «ئول كېلەرمۇ ئەركى» دېگەن سۆزنىڭ يىغىنچاقلىنىشى دەپ قەيت قىلدى.

ب

39. بۆك «دىۋان»دا «(1-455) بوك. تاتسىز تۇرك بولماس، باشسىز بۆك بولماس» دېگەن ماقال بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن. قومۇل شىۋىسىدە «r» ھەرپى چۈشۈپ قالغان.

40. بېغىر «دىۋان»دا «(1-467) بېغىر، جىگەر، ھېچكىمگە بويۇن ئەگمەيدىغان كىشى دېيىلىدۇ. بۇ جىگەرى بار دېگەن بولىدۇ، ئوقيانىڭ ئوتتۇرىسى «يا باغرى» دېيىلىدۇ، دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. قومۇل شىۋىسىدە «قويىنىڭ بېغىرى، تاغ باغرى، بالىنى باغرىغا باستى» دېگەندەك سۆزلەر قوللىنىلىدۇ. بۇ شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن «دىۋان»دىكىگە ئوخشاش.

ئاخشىمى قاراڭغۇدا چىراغ كۆيەدۇ،
چىراغ ئەمەس يارىنىڭ ئوتى باغرىم كۆيەدۇ».

41. بوغاز «دىۋان»دا «(1-472) boqaz، بوغۇز،

كېكىرتەك» دەپ ئىزاھلانغان.

«بوغاز» قومۇل شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تەكلىماكانغا تۇتىشىدىغان بىر يېزىنىڭ نامى، قەدىمكى سەيلىگاھ-ئاراتام باغنىڭ باش تەرىپى «تار بوغۇز» دېيىلىدۇ. بۇ ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدىكى تار جاي.

42. بېقىش (475−1) «بېقىش، قاراش، بىر-بىرىگە قاراش» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شېۋىسىدە «دىۋان»دىكىگە ئوخشاش ئىستېمال قىلىنىدۇ .

43. بالىق «دىۋان»دا (490−1) «ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرى تۈركلەر شەھەر، قەلئەلەرنى بالىق» دەيتتى دەپ چۈشەندۈرگەن.

قومۇل شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىدە «تاشبېلىق» دېگەن يېزا بار.

44. بېرىم «دىۋان»دا (532−1) «قەرز» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شېۋىسىدە جۈپ سۆز قاتارىدا كېلىدۇ. م: ئېلىم-بېرىم ئىشلىرىڭىز قانداق؟ دېگەندەك.

45. بالدىر «دىۋان»دا (596−1) «بالدۇر، بالدۇر تېرىلغۇ، باش باھاردا تېرىلغان ئاشلىق» دېگەن مەنىدە دەپ چۈشەندۈرۈلگەن.

قومۇل شېۋىسىدە «بالدۇر» دېگەن سۆز «ئاۋۇ چاغدا»، «ئىلگىرى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «بالدۇر» دەپمۇ كېلىدۇ. بۇ سۆز «بۇرۇن» دېگەن مەنىدە. مەسىلەن: بالدۇر تېرىلغان بۇغداي دېگەندەك.

46. بېدىشلىق «دىۋان»دا (654−1) «ئۈزۈم بېدىشى ياساش ئۈچۈن تەييارلانغان ياغاچ» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شېۋىسىدىمۇ ئوخشاش.

47. بوسۇردى «دىۋان»دا (102−2) «باستى» دەپ ئىزاھلىغان. قومۇل شېۋىسىدە «توخۇ تۇخۇم بوسۇردى» دەپ ئىشلىتىلىدۇ.

48. بولۇشتى «دىۋان»دا (147−2) «سۆز بىلەن ياردەم بېرىش» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شېۋىسىدە بۇ سۆز شەكىل ۋە مەنە جەھەتتىن «دىۋان»دىكىگە ئوخشاش ساقلانغان.

49. بەرتىلدى «دىۋان»دا (344−2) «زەخىملەندى، زېدىلەندى» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن.

قومۇل شېۋىسىدە بىرەر دەرەخ شېخىنى ياكى بىرەر توقماقنى ئايلاندۇرۇپ كېسىپ قويۇش بەرتىش دېيىلىدۇ، ئەرلىكنىڭ ئۇچىدىكى ئايلىنىپ سەل قىر چىققان يېرىمۇ «بەرتىنگى» دېيىلىدۇ. بۇ سۆز «دىۋان»دىكى بىلەن شەكىل ۋە مەنە جەھەتتىن ئوخشاش.

50. بارقىرىدى «دىۋان»دا (258−3) «ۋارقىرىدى، بوقىرىدى» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شېۋىسىدە «بارقىرىدى» دېگەن سۆز بار. مەسىلەن: ئۆچكە بارقىرىدى دېگەندەك. بۇ سۆز كۆپرەك قومۇلنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا قوللىنىلىدۇ.

51. بۇرۇل «دىۋان»دا (628−1) «بۇرۇل قوي، بوغىزى ئاق قوي» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شېۋىسىدە «بۇرۇل ئات» دېگەن سۆز بار. بۇ سۆز سۇس كۆكشۇل رەڭدىكى ئاتقا قارىتىلغان.

52. بالدى «دىۋان»دا (398−3) «ئۇ ئوتۇن باغلىدى» دەپ ئىزاھلانغان. قومۇل شېۋىسىدە «q» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان بولۇپ، «باغلىدى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

53. بۆكتى «دىۋان»دا (24−2) «بۆكتى، مۆكتى، يوشۇرۇندى» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شېۋىسىدە شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئوخشاش ئىشلىتىلىدۇ.

54. بوش «دىۋان»دا (172−3) «بوش، يۇمشاق، بوش قول، بوش يەر» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شېۋىسىدىمۇ «دىۋان»دىكىگە شەكىل، مەنە جەھەتتىن ئوخشاش ئىشلىتىلىدۇ.

55. بوشىدى «دىۋان»دا (363−3) «بوشىدى، رۇخسەت بەردى، قويۇۋەتتى» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شېۋىسىدە «قولۇم بوشىدى» دېگەن سۆز «ئىشنى تۈگىتىپ بولدۇم» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «ئات بوشىدى» دېيىلسە، «ئات بىكاستىدى» دېگەن مەنىدە، «ئاتنى بوشىتىۋەت» دېسە، «ئاتنى باغلاقتىن قويۇۋەت» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

56. بېكىدى «دىۋان»دا (368−3) «بېكىدى، چىڭىدى» دەپ ئىزاھلانغان.

قومۇل شېۋىسىدىمۇ «دىۋان»دىكىگە ئوخشاش بولۇپ، سوغۇق كۈنسېرى بېكىدى (چىڭىدى) دېگەندەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كېرىيەلىكلەرنىڭ ئۆزگىچە توي ئادەتلىرى


ئەنۋەر مەتسەئىدى

كېرىيە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىغا، قاراقۇرۇم
تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. قەدىمدىن ھازىر-
غىچە ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەر بىرلىكتە ياشاپ كەلگەن،
دېھقانلىقنى ئاساس، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، باغۋەنچىلىك
ۋە چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە قىلىپ كەلگەن. بوستانلىق،
جۇغراپىيەلىك جەھەتتىن تەرەققىي قىلغان رايونلارغا يىراق
ئورۇنغا جايلاشقان، قاتناش قۇلايسىز بولغانلىقتىن زامانى-
ۋى دۇنيانىڭ شاۋقۇن- سۈرەنلىرىدىن خالىي چەت ناھىيە
بولغاچقا، ھازىرغا قەدەر ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ساپلىقى جە-
ھەتتە ئەسلىي ھالىتى خېلى كەڭ تۈردە ساقلىنىپ قالغان،
بولۇپمۇ ئۆرپ- ئادەت جەھەتتە باشقا قوۋم ۋە يۇرتلار-
نىڭ ئالاھىدىلىكىگە سېلىشتۇرغاندا بىر قەدەر ئۆزگىچىلىك-
كە ئىگە. بۇ ئۆرپ- ئادەتلەر كېرىيە خەلقىنىڭ ياشاش جەر-
يانىدىكى ئىنتىۋىدۇئال پىسخىكىسىغا سىڭىشىپ، دەۋر تەل-
پى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالغا ئىلگىرىلەش بىلەن
ئۆرپ- ئادەت جەھەتتىكى ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىشنى بىر
گەۋدىگە ئايلاندۇردى. ئەنئەنىۋى ئۆرپ- ئادەت شەكىللى-
رىنى ساقلاپ قېلىشتا، مۇنتىزىم ئۆزگىچە پۇراققا ئىگە
بولۇپ، ئۆز جەزبىدارلىقى ۋە خاسلىقى بىلەن بۈگۈنكى
دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلدى ۋە بارغانچە مۇكەممەللەشتى.

### توي- تۆكۈن ئادەتلىرى

كېرىيەلىكلەرنىڭ توي- تۆكۈن ئادەتلىرى ئۆزىگە
خاس ئالاھىدىلىككە، رەڭدارلىققا ۋە جەزبىدارلىققا ئىگە
بولۇپ، قەدىمدىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان: ئات توي،
خەتنە توي، توي ۋە جۇۋان توي قاتارلىق شەكىللەرگە
بۆلۈنىدۇ. بۇ توي- تۆكۈنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە
خاس ئالاھىدىلىكى بار بولۇپ، تويدىن باشقىنىڭ تەرتىپى
بىر خىل يوسۇندا ئاددىي، ئەمما بىر قەدەر ھەشەمەتلىك
ۋە داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. توي ئورتاق ئاتالغۇ دەك
بىلىنسىمۇ ئەمەلىيەتتە باشقا تويلارنىڭ ئالدىغا چەكلەش
سۆزى ئىشلىتىلىپ مەقسەت، مۇددىئا ئېنىق ئوتتۇرىغا قو-
يۇلىدۇ. باغاق تاپشۇرۇۋالغۇچىلارمۇ قايسى خىل شەكىل-



دىكى توي ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ، شۇ نۇقتىدىن تەييار-
لىق قىلىپ بارىدۇ.

## توي

ئۇيغۇرلارنىڭ توي مەرىكىسىنى ئاساس قىلغان مېھ-
ماندارچىلىق ئادەتلىرى ھەرقايسى يۇرتلاردا ئومۇمەن
ئوخشاش بولسىمۇ، كېرىيە ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تويغا
مۇناسىۋەتلىك ئادەتلەر قىسمەن ئۆزگىچىلىكلەرنى ساقلاپ
كەلدى. بۇ ئۆزگىچە ئادەتلەر تارىختىن بېرى كېرىيە ئۇي-
غۇرلىرى ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ ساغلام، تىنچ-
ئىناق ئائىلە مۇھىتى بەرپا قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول
ئويناپ كەلگەن.

كېرىيەلىكلەر قىز-ئوغۇللىرىنى ئىپپەتلىك، ئەخلاق-
لىق، دىيانەتلىك، ئىشچان، مېھرىبان، مەسئۇلىيەتچان، ئۆ-
زىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى چىقىپ مۇستەقىل ياشىيالايدى-
غان، ياراملىق، چىداملىق، باتۇر ئادەم قىلىپ تەربىيەلەش
ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەخلاق قارىشىنى تۇرغۇزغان ھەم
ئۇنى ئەۋلادمۇئەۋلاد ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.
بۇ جەھەتتە كېرىيەنىڭ يەرلىك ئادەتلىرى ھازىرمۇ ئۆزى-
نىڭ ئىجابىي رولىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. يەنى كېرىيەلىك-
لەر قىز بالىلىرىغا «يەكپاي ئاياغ كىيمەڭ، ئېرىڭىز قېچىپ
كېتىدۇ»، «قىز بالا كەچلىكى تالاغا چىقسا توكۇر جىن ئە-
كىتىدۇ»، «قىز بالا يالاڭباش ياتسا توڭگۇز بولۇپ كېتى-
دۇ»، «بىر يەرگە بارسىڭىز ئىتتىك بېرىپ ئىتتىك كېلىڭ
يامان كۆز تېگىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش تۇزۇملەر ئارقى-
لىق ئۆزىنى پىنھان تۇتۇپ يامان كۆزدىن يىراق تۇرۇشنى
مەقسەت قىلسا، «ئۆستەڭ بويىدا چاچ تارىماڭ يامان بو-
لىدۇ» دېيىش ئارقىلىق سۇنى مەينەت قىلىپ باشقىلارنىڭ
ئەقلىنى بۇلغىماسلىققا دەۋەت قىلغان. بۇ ئارقىلىق قىزلار-
دا ئۆزىنى پىنھان تۇتۇش بىلەن بىرگە پاكىزلىققا ئەھمى-
يەت بېرىشنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرغان، ئۇنىڭدىن باشقا
يەنى قىزلارغا كىچىكىدىن باشلاپ قونچاق، بۆشۈك
ياساپ ئويناتقۇزۇپ، ئۇلارنى كىچىكىدىن باشلاپ بالا
بېقىش، بالىغا مېھىر-مۇھەببەت باغلاش پىسخىكىسىنى
يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

«ئۆيدە يۇندى قوندۇرماڭ جىن كىرىۋالىدۇ»،
«خېنىمنىڭ قېشىغا قارىماي چىننىڭ تېشىغا قاراڭ»،
«چېچەن جۇۋاننى ئوچاق بېشىدا سىناڭ» دېگەندەك قا-
ئىدىلەر ئارقىلىق قىزلارغا تاماق ئېتىش، ئۆزىنى ھەم
قازان بېشىنى پاكىز تۇتۇش، ئۆي ئىشلىرىغا پۇختا بولۇش
قاتارلىق بىر ئايال كىشى بىلىشكە ھەم قىلىشقا تېگىشلىك
ئائىلە ئىشلىرىنى ئۆگىتىدۇ. شۇڭا كېرىيەدە «توققۇز
ياشلىق قىزى بار ئائىلىدە ئانىسى قازان بېشىغا چىقمايدۇ»
دەيدىغان گەپ بار بولۇپ يېزا-قىشلاقلاردىمۇ ھا-
زىرمۇ ئېيتىلىپ كەلمەكتە. «قىز بالا ئەردە ياخشى بولمى-
سا يەردە» دېيىش ئارقىلىق قىزلارنىڭ يېنىكلىك قىلماي
ئېغىر-بېسىق بولۇپ بىر ئەرنىڭ ئىلكىدە بولۇشنى
ئۈمىد قىلغان. كېرىيەلىكلەر ئوخشاشلا ئوغۇللىرىنىمۇ
«ئوغۇل ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى»، «ئوغۇل قىزنىڭ مۇرەببە-
سى»، «ئوبدان ئەر، خوتۇن خارلىماس»، «ئوغۇل
جەڭگە يارايدۇ، قىز ئاشقا»، «ئەرنىڭ غېمى ئەلدە»،
«ئەلنىڭ غېمىنى يېگەن ئەر ئۆلمەس»، «ئوبدان ئەر
ئەلگە ئورتاق، يامان ئەر مالغا» دېگەندەك ماقال-
تەمسىل ئارقىلىق سۆيەتلەپ ھەر بىر ئوغۇلنىڭ ئاتا-ئا-
نىسىغا مەنسۇپ بولماستىن، بەلكى ئەل-يۇرتنىڭ پەر-
زەنتى ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بەرسە، «ئەر كىشىگە
يەتمىش تۈرلۈك ھۈنەر ئاز»، «ھۈنەرلىك ئەر خار
بولماس، دوست-دۈشمەنگە زار» دېيىش ئارقىلىق
كەسىپ ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيدۇ؛ «ئوقۇغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئوغۇل ئاتىسىدىن ئۇلۇغ»، «زىرەك بالا تېپىپ سۆزلەيدۇ، كالۋا بالا كۆپۈپ» دېيىش ئارقىلىق ئىلىملىك، دىيانەتلىك بولۇشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئوغۇللىرىغا ئويۇنچۇق ياساپ بېرىپ ئۇنىڭ ئەقلىنى ئويغاتسا، ئويۇنچۇق، كەتمەن، تۇرلۇك ھۇنەر - كەسىپ جابدۇقلىرىنى ياساپ بېرىپ، ئۇلاردا ئىش - ئەمگەكنى سۆيىدىغان، بىر ئائىلىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىغان ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ خىل جانلىق تەربىيە ئىشلەش ئۇسۇلى بالىلارنىڭ كېيىنكى ئەمەلىي تۇرمۇشقا بولغان بىر خىل قىزغىنلىقىنى يېتىلدۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئائىلىسىگە بولغان مەسئۇلىيەتنى ئاشۇرۇشقا ئاساس سالىدۇ. مانا بۇ كېرىيەلىكلەرنىڭ بالا تەربىيەلەشتىكى ئىندىۋىدۇئال پىسخىكىسىغا سىڭىشىپ كەتكەن ئادەت بولۇپ، ئۇلار بالىلىرىنىڭ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ، ئايرىم بىر موردىدىن تۈتۈن چىقىرىپ ئۆز تۇرمۇشىنى ئوبدان قامدىغانىغا قەدەر مەسئۇل بولىدۇ ھەم تەربىيەلەشنى قولدىن بەرمەيدۇ.

توي ئىككى تەرەپنىڭ (ئائىلىنىڭ) ئارزۇلۇق پەرزەنتلىرىنى يېڭى تۇرمۇشقا ئىگە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىلىق پەرز (بۇرچىنى) ئادا قىلىشى بولسا، ئىككى ياشنىڭ ئۇزاق مۇساپىلىك يولغا قەدەم قويۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئەمەلىرىدىن ئۆزى چىقىشنىڭ تۇنجى مۇساپىسىنىڭ باشلىنىش كۈنى بولىدۇ، بۇ باشلىنىشمۇ ئاسان قولغا كەلمەيدۇ.

توي تۆۋەندىكىدەك تۆت تەرتىپنى مۇۋەپپەقىيەتلىك باسقاندا، ئاندىن بولىدىغان مۇھىم ئىش، شۇڭا توي بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا بۇ تۆت تەرتىپنى قاتتىق ئېھتىياتچانلىق بىلەن بېسىشقا توغرا كېلىدۇ. ناۋادا بۇ تۆت تەرتىپنىڭ بىرىدە ئىختىلاپ كۆرۈلسە توي بولۇش شەرىپىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

1) لايىق تاللاش: لايىق تاللاشتا ئادەتتە مۇنداق تۆت خىل ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ:

(1) ئاتا-ئانىلار ئالدى بىلەن ئەل-مەھەللە، قولۇم-قوشنا، يار-بۇرادەر، ئۇرۇق-تۇغقانلار ئىچىدىن، ئاندىن قالسا يات يېزا-قىشلاقلاردىن ئۆز پەرزەنتى (ئوغلى) ئۈچۈن لايىق كۆزلىتىدۇ. ئاتا-ئانىنىڭ پىكرى بىر يەرگە كەلگەندىن كېيىن، باشقىلار ئارقىلىق ئوغلىغا بېشارەت بېرىلىدۇ، ياكى ئوغلىنىڭ رايى ئاڭلىنىدۇ. ئوغۇلدا باشقا ئىنكاس بولمىسا، ئاتا-ئانا كۆزلىتىپ تاللىغان لايىق نىشانلىنىدۇ. ئەگەر ئوغلىنىڭ ياقتۇرۇپ سۆزلىشىپ يۈرگەن لايىقى بولغان تەقدىردە بۇ لايىق ئاتا-ئانىغىمۇ مۇناسىپ كۆرۈلسە، ئاخىرقى ھېسابتا شۇ لايىق نىشانلىنىدۇ. ئادەتتە ئاتا-ئانىنىڭ پىكرى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. چۈنكى بۇ يۇرتتا ئوغۇللار ئادەتتە 16-18 يېشىدا ئۆيلىنىدۇ. قىزلار ئاساسەن 15-16 ياشتا ياتلىق بولىدۇ. ھازىر بۇ ئادەت ئۆزگەردى. ئوغۇل بىلەن قىز بىر-بىرىنى ياقتۇرۇپ قالغان بولسا، ئۆز ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ سىمۋولى قىلىپ ئۆزئارا خاتىرە قالدۇرۇشىدۇ. ئوغۇللار ئادەتتە كۈمۈش ئۈزۈك (ھاللىق ئائىلىلەردىكىلەر ئالتۇن ئۈزۈك)، بويۇنتۇمار، قىزلار ئۆزى گۈل چېكىپ ئىشلىگەن قولياغلىق تەقدىم قىلىدۇ.

(2) بەزى ئائىلىلەر مەلۇم بىرىنىڭ ئوغلىنى ياكى قىزىنى كىچىكىدىن ياخشى كۆرۈپ كەلگەن بولسا، ھەر خىل سورۇن ۋە پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ «بالا قىلىۋالىمەن»، «ئوبدان بالا بولدى» دېگەندەك سۆز-ئىبارىلەر بىلەن ئوغۇلغا ياكى قىزغا، جۈملىدىن ئوغۇل ياكى قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىغا بېشارەت بېرىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئوغۇل ياكى قىزدا، ئوغۇل ياكى قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىدا بۇ بېشارەتكە مۇناسىپ بىرەر ئىپادە كۆرۈلسە، ئوغۇل ياكى قىز تەرەپنىڭ تۇغقان، يار-بۇرادەرلىرى ئارقىلىق ئۆز ئىستەكلىرىنى بىلدۈرۈشىدۇ، ئىككى تەرەپ رەسمىي مۇناسىپ كۆرۈشسە، ئاندىن قۇدىلىشىش تەدبىرلىرىنى كۆرۈشىدۇ.

(3) بەزى ئائىلىلەر، بولۇپمۇ كۆپ قىزلىق ئائىلىلەر ئۆزلىرى بىۋاستە ياۋاش، تىرىشچان ئاتىسىز ياكى ئانىسىز ۋە ياكى قارا يېتىم بالىلارنى تاللاپ قىزلىرىدىن بىرىنى ئۇنىڭغا چېتىپ قويىدۇ. ئۇ شۇ ئۆينىڭ ئوغلى ھېسابىدا بولىدۇ. بۇ ئادەتتە «ئوغۇلچىلاپ ئەكىرىش» دەپ ئاتىلىدۇ.



يەنە بىرى كۆپ ئوغۇللۇق ئائىلىلەرنىڭ يۈكى ئېغىر
بولغاچقا، ئوغۇللىرىغا نەسىھەتنى ئوبدان قىلىپ ئەخلاقلىق
تەربىيەلەش بىلەن بىرگە چوڭ ئوغلىنىڭ ئىشنى قاتتىق
باش قاتۇرۇپ ئويلىشىپ ئىش كۆرۈشكە تىرىشىدۇ. چۈنكى
بالىنىڭ چوڭى قانداق بولسا، كېيىنكىلىرىمۇ شۇنداق بولى-
دۇ، دەيدىغان ئەقىدەچىلىك قاراش كېرىيەلىكلەرنىڭ، بو-
لۇپمۇ كۆپ ئوغۇللۇق ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرىنى ئۆيلۈك - ئو-
چاقلىق قىلىشتىكى مىزانىسىغە ئايلىنىپ قالغان.

(4) قىيامەتلىك دوستلارنىڭ ئاياللىرى ھامىلدار
چاغدىلا كەلگۈسىدە پەرزەنتلىرىنى چېتىپ قويۇشنى ۋەدى-
لىشىدىغان ئادەت بار بولۇپ، ئەگەر ئاياللىرى ئۇلارنىڭ
كۆتكىنىدەك بىرى ئوغۇل، بىرى قىز تۇغقان بولسا،
ئۇلار ساغلام چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يەتكەن ھامان
ئۇلارنى چېتىپ قوياتتى. كېرىيەلىكلەردە ۋەدىگە ۋاپا
قىلىش ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاش ئىرادىسى بەك كۈچلۈك
بولۇپ، ۋەدىگە ۋاپا قىلماي ئايلىنىپ كەتكەنلەرنى جاما-
ئەت بەك ئەيىبلەيدۇ. قىسقىسى «ئادەمنىڭ لەۋزى ھالال،
ئۇنىڭدىن يېنىۋېلىش ھارام» دەپ قارايدۇ، لېكىن بۇنداق
ۋەدىلىشىدىغان كىشىلەر كۆپ سالماقنى ئىگىلىمەيدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، لايىق تاللاشتا قانداق
ئۇسۇل قوللىنىلمىسۇن كېرىيە دىيارىدا ئاتا- ئانىلارنىڭ ئى-
رادىسى ھەل قىلغۇچ رول ئويناپ كەلگەن. بۇ فېئوداللىق
ئەخلاقىي قاراش بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا،
بۇرۇن يەنە مۇنداق ئادەت- خاھىشلارمۇ مەۋجۇت بولۇپ
كەلگەن. (1) بالاغەتكە يېتىپ قالغان قىزلار ئۆزى يالغۇز
يىراق- يېقىنغا بېرىشتىن، بولۇپمۇ يىگىتلەر بىلەن ئۇچرى-
شىشتىن، يىگىتلەر تىكىلىپ قاراشتىن ساقلىناتتى. بۇ قىزلار-
دا بولۇشقا تېگىشلىك ئەدەپ- ئەخلاق دەپ قارىلاتتى.
(2) لايىقنى ئاتا- ئانىلار تاللاپ بېكىتكەچكە، تويلىشىدى-
غان ئوغۇل- قىزلار ئوتتۇرىسىدا ئۇچرىشىش بولمايتتى،
بولۇپمۇ باشقا مەھەللىلەردىن تويلاشقۇچىلار تا توي
بولۇپ قىز كۆچۈرۈپ كېلىنىپ كەچكۈ يۈز ئاچقۇ ۋاقتى
بولغاندا ئاندىن يۈز كۆرۈشەتتى. (3) ياش ئوغۇل- قىز-
لاردا ئۆزئارا مۇھەببەتلىشىش خاھىشلىرى بولسىمۇ، ئەمما
ناھايىتى خۇپىيانە بولاتتى. ئەگەر سېزىلىپ قالسا ئۇلار،
بولۇپمۇ قىزلار داپشاق، ئەخلاقسىز دەپ قارىلاتتى. (4)
مۇھەببەتلىشىپ تويلىششقا ۋەدىلەشكەن ياش ئوغۇل-
قىزلار ئاتا- ئانىسىنىڭ ئىرادىسى بويىچە باشقىلارغا ياتلىق
بولۇش (ئۆيلىنىشكە) مەجبۇر بولغان تەقدىردە، كېيىن



تۇرلۇك باھانە- سەۋەبلەر بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپ، ئاخىر-
قى ئىككىسى تويلىشىپ بىرگە بولىدىغان ياكى ئاتا- ئانى-
سىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنماي بىر- ئىككى كۈن ياخشى
كۆرىدىغان ئادىمى بىلەن بىللە قېچىپ كېتىپ ئاتا- ئانىسى-
نى ئۆزلىرىنىڭ تويلىششقا مەجبۇر قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ
مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. ھازىرمۇ قىسمەن ساقلانماقتا.
(5) ئوغۇل تەرەپ، قىز تەرەپنىڭ قىزنى گىلەم ئۇستىدە
تاراقشىتماي، بىر تېمىم سۇيىنىمۇ گىلەمگە تۆكۈۋەتمەي
قاچا- قومۇچلارنى يۇيغۇزۇپ سىناپ كۆرسە، قىز تەرەپ
ئوغۇل تەرەپنىڭ ئوغلىنى ئۇجمىنىڭ، جىگدىنىڭ ۋە تۇغ-
راقنىڭ قۇرىمىغان ھۆل كۆتەكلىرىنى يارغۇزۇپ لايىق تال-
لايدىغان ئەھۋاللارمۇ ساقلانغان.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، كېرىيەدە ئوت-
تۇرا ياشلىق بويتاق ياكى تۇل ئاياللارغا لايىق تونۇشتۇ-
رۇشنى كەسىپ قىلىۋالغان ئاياللار بولغان، بۇنداق ئاياللار-
نى «دەللال» (تونۇشتۇرغۇچى) دەپ ئاتايدۇ. ئوتتۇرا
ياشلىق بويتاق (ئەرلەرگە قارىتىلغان) ۋە تۇل (ئاياللارغا
قارىتىلغان) ئاياللار ئۆزلىرى ئۇچۇن شۇنداق ئاياللار ئار-
قىلىق لايىق تاللايدىغان ئادەت مەلۇم دەرىجىدە ساقلان-
غان. بۇنداق ئاياللار ھازىرقى «لايىق تونۇشتۇرۇش ئور-
نى»نىڭ رولىنى ئويناپ كەلگەن. كېرىيەدە ھازىرغا قەدەر
لايىق تونۇشتۇرۇش ئورنى قۇرۇلمىغاچقا «دەللال»
لارنىڭ رولى ھېلىھەم تۈگەپ كەتكىنى يوق، ئۇلار ئۆزلىرى-
نىڭ شۇ خىل ئالدىراش ئىشلىرى بىلەن ئاۋارە.

2) ئەلچى كىرگۈزۈش: بۇ ئالدى بىلەن ئوغۇل
تەرەپ ئۆزىنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئەلچىنى تەيى-
لەپ، ئۆزلىرىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى سۈپىتىدە قىز
تەرەپكە ئەۋەتىدۇ. ئەلچى قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە بېرىپ،

MIRAS

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دەسلەپكى قەدەمدە ئوغۇل تەرەپنىڭ مەقسىتىنى ناھايىتى سىلىق-سىپايىلىق ۋە ھۆرمەت ئىكرام بىلەن يەتكۈزىدۇ. قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا قوشۇلۇش ياكى قوشۇلماسلىق ھەققىدە ئىپادە بىلدۈرىدۇ ياكى مەلۇم ۋاقىت ئويلىشىپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەلچى تاكى ئېنىق جاۋاب ئالغۇچە قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇرىدۇ. ئېنىق جاۋاب ئالغاندىن كېيىن ئەلچى يەنە ئىككى ئارىلىقتا مېڭىپ يۈرۈپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئۇچرىشىش ۋاقتىنى بېكىتىدۇ، ئۇچرىشىش قىز تەرەپنىڭ ئۆيىدە بولىدۇ.

ئەلچى كىرگۈزۈشتە تۆۋەندىكى تەرەپلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىنىدۇ.

(1) بالىلىق بولمىغان ئادەملەرنىڭ ئەلچى بولۇش سالاھىيىتى بولمايدۇ. ناۋادا ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە بالىلىق بولمىغان ئادەملەرنى ئەلچىلىككە سالسا، قىز تەرەپ بىزنى كۆزگە ئىلماپتۇ دەپ چۈشىنىپ قالىدۇ ھەم خاپا بولىدۇ. (2) تۇل خوتۇننىڭ ئەلچى بولۇش سالاھىيىتى بولمايدۇ ياكى ئەلچىلىككە يارىمايدۇ دەپ قارىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولۇپ، فېئوداللىق ئەدەپ-ئەخلاقنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن تەسىرىدىن بولسا كېرەك. (3) يۇرتتا ئاتىقى چىقىپ قالغان ئوغرى، قىمارۋاز، لۈكچەكلەر ئەلچى بولۇشقا يارىمايدۇ.

ئەلچى بولىدىغان ئادەم ئوغۇل تەرەپكە چوقۇم كۆيۈندىغان، لىللا (ھەق) گەپ قىلىدىغان، زىددىيەت چىقىشنىڭ ئالدىنى ئالالايدىغان ھەم چوڭقۇر زىددىيەتنىمۇ سىلىق - سىپايىلىق بىلەن بېسىقتۇرۇپ ئىش قىلالايدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك. ھازىرغا كەلگەندە بۇ تەرەپتىمۇ قىسمەن ئۆزگىرىپ، شۇ يۇرتتىكى سۆزمەن ئادەملەر ياكى ئازراق ھوقۇقى بار ئادەملەرنى ئەلچىلىككە تەيىنلەپ كىرگۈزىدىغان ئەھۋال ئارقا-ئارقىدىن كۆرۈلۈشكە باشلىدى.



3) باركاللا قىلىش: بۇ قۇدىلارنىڭ يۈز كۆرۈشۈشى دەپ ئاتىلىدۇ. ئوغۇل تەرەپ، قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى، ئارىدا ماڭغان ئەلچىنى ۋە يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى ئېلىپ داستىخان يۆگەپ بارىدۇ. ھەر بىر ئايال داستىخاننى دېيىشىۋېلىپ ئايرىم-ئايرىم يۆگەپ بارىدۇ. داستىخان سانى ئانچە كۆپ بولمايدۇ، كۆپ بولغاندا يەتتە-سەككىز داستىخاندىن ئاشمايدۇ.

بۇنىڭغا بەك كاتتا ھەشەمەتمۇ قىلىپ كەتمەيدۇ. بۇ پەقەت ئوغۇل تەرەپنىڭ قىز تەرەپكە توي تەلىپى يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، قىز تەرەپ ماقۇللۇق بىلدۈرگەندىن كېيىن، مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ باركاللا ئېيتىدۇ. ئاندىن داستىخانغا يۆگەپ ئېلىپ كېلىنگەن نەرسىلەر «شوكۇم» قىلىنىدۇ، قىز تەرەپمۇ ئۇلارنى تۈرلۈك تائاملار بىلەن كۈتۈۋالىدۇ.

ئۆزلىرىنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل كۆرگەنلىكىنىڭ رەھمىتىنى ئېيتىشقا بارغانلىقى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ رەسمىي يوسۇندا يۈز كۆرۈشۈپ، ئۆزلىرىگە گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەت ۋە داستىخان جەھەتتىن لايىق كېلىدىغان-كەلمەيدىغانلىقىنى بەلگىلىشىدۇ. بۇ ئىشلار كۆڭۈلدە ساقلىنىپ، يۈزتۇرانە ئەمەس، بەلكى ئەلچى ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. بىر-بىرىگە ھەققەتەن ماس كەلسە ياكى بەك زىغىرلاپ (ئىنچىكىلەپ) كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارالسا يەنە ئەلچى ئارقىلىق گۈل تويىنىڭ ۋاقتى بېكىتىلىدۇ ياكى بېكىتىۋېتىشمۇ بولىدۇ. ھازىر كۆپىنچە ھاللاردا باركاللىسىدا گۈل تويىنىڭ ۋاقتى بېكىتىلىدىغان ياكى باركاللىسىنى قىلماي بىراقلا گۈل تويىنى قىلىدىغان ئادەتمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

4) گۈل توي: گۈل توي دېگىنىمىز، چاي ئىچۈرۈپ ياكى قىز ئىگىلەش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. گۈل تويغا ئوغۇل تەرەپتىن بارىدىغان ئادەملەرنىڭ سانى باركاللىسىغا بارىدىغان ئادەملەرنىڭ سانىدىن كۆپ بولىدۇ. بارىدىغان ئادەم ئاز دېگەندە 20 نەپەردىن كۆپ بولغاندا 50 نەپەر گىچە بولۇپ، ئاياللار ئايرىم، ئەرلەر ئايرىمخانىدا كۈتۈلۈپ، بۇلار بىر كۈن كەچ - كۈشادە مېھمان بولىدۇ. ئوغۇل تەرەپتىن يۆگىگەن (يۆگەپ ئاپارغان) داستىخان قانچە كۆپ بولسا چەكلەنمەيدۇ (بۇرۇن يەتتە-سەككىز داستىخان يۆگەپ ئېلىپ بېرىلاتتى. ھازىرغا كەلگەندە داستىخاننىڭ تۈرى كۆپىيىپ 20 دىن ئېشىپ كەتتى). قىز تەرەپمۇ گۈل

تويغا كەلگەنلەرنى مول داستىخان بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. بۇ كۈنى ئەڭ دىققەت قىلىدىغان ئىش تاماق ۋە چاي سوغۇق هالەتتە كەلتۈرۈلمەيدۇ (يەل - يېمىشلەر بۇنىڭ سىرتىدا). سوغۇق تاماق ۋە سوغۇق چاي داستىخانغا كەلتۈرۈلسە، ئارىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈشنىڭ بېشارىتى بولۇپ قالدى دەپ بەك خاپا بولۇشىدۇ ( بۇ بەلكى خۇراپاتلىقنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك). ئوغۇل تەرەپ يۆگەپ كەلگەن داستىخانلارنىڭ هەممىسنى ئېچىپ شوكۇم قىلىپ قويىدۇ (شوكۇم - يەرلىك دىيالېكت بولۇپ «سوۋغات» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ). قىز ئانىسى ۋە ئۇنىڭ مېهمان كۈتۈشكە قاتناشقان يېقىنلىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ بارىكاللا (رەهمەت) قىلىدۇ. ئوغۇلنىڭ ئانىسى ۋە بىرگە كەلگەنلەر ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزرە ئېيتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن هەممىسى بىر دەك ئورۇنلىرىدا ئولتۇرىدۇ. ئوغۇل ئانىسى ئۆز كېلىنى بولماقچى بولغان قىزنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇپ، ئۆز ئەهۋالىغا يارىشا يۇقىرى قىلغاندا بىرەر ئالتۇن ئۈزۈك ياكى ئالتۇن هالقا، ئەهۋال تۆۋەنرەكلىرى بىر قۇر تەييار كىيىم كىيدۈرۈپ قويىدۇ ياكى بىر تو ئەن رەختنى كۆرستىپ قىزنىڭ مۇشۇ ئەن رەختنى تىكتۈرۈپ كىيىپ تۇرسا دەپ ئۆزرە ئېيتىدۇ، مانا بۇ قىزنى ئىگىلەپ قويغانلىقنىڭ رەسمىي ئىسپاتى هېسابلىنىدۇ.

ئەگەر مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوغۇل تەرەپ بۇ توينى قىلىشتىن يانسا، گۈل تويغا ئاپارغان نەرسىلەرنىڭ بەرىسىمۇ ئوغۇل تەرەپكە قايتمايدۇ. قىز تەرەپ ئۆزىنى بىلىپ قايتۇرۇپ (ياندۇرۇپ) بەرسە، ئوغۇل تەرەپ ئۆزرە ئېيتىپ قايتۇرۇۋالىدۇ. يەنە كېلىپ قىزغا ئۆزلىرىنىڭ ئاتىغىنىنى قالدۇرۇپ قويىدۇ. ئەگەر قىز تەرەپ يېنىۋالماقچى بولسا، ئوغۇل تەرەپ ئېلىپ كەلگەن لاتا - پۇتىلارنىڭ هەممىسىنى ياندۇرغاندىن سىرت، ئوغۇلنى بىتەلەي بولۇپ قالمىسۇن دەپ بىر قۇر كىيىم قوشۇپ ياندۇرۇپ بېرىدۇ. كۆپىنچە هاللاردا گۈل توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن يېنىۋالىدىغان ئەهۋال كۆرۈلمەيدۇ، شۇڭا گۈل توي قىلىشتا «يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىپ» ئىش قىلىدۇ.

گۈل توي بولغان كۈنى ئىككى تەرەپنىڭ يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئوغۇل تەرەپنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بىرلىكتە كېڭىشىپ توي كۈننى بېكىتىدۇ ياكى گۈل تويىدىن كېيىن قېيىن بۇيان (قۇدا) بولماقچى بولغان ئىككى تەرەپ ئۆزئارا كېڭىشىپ ئەمەلىي ئەهۋالغا قاراپ بېكىتىسىمۇ بولىدۇ. توي كۈنى بېكىتىلگەندىن كېيىن ئىككى تەرەپ ئەلچى ئارقىلىق ياكى ئۆزئارا كېڭىشىپ تۇرۇپ تويلۇق مېلىنى بېكىتىدۇ. قىسمەن ئەهۋال ئاستىدا قىز تەرەپ مەردلىك كۆرستىپ، تاپقىنىنى ئەكەلسۇن دەيدىغان ئادەتمۇ ئۇچرايدۇ. ئوغۇل تەرەپمۇ قىز تەرەپنىڭ مەردلىكىگە يارىشا مەردلىك كۆرستىپ تويلۇقنى لايىقىدا ئېلىشقا تىرىشىدۇ. گۈل توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن قىز تەرەپ يېنىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسا، تويلۇقنى ئېغىر سېلىپ «بەرمەس قىزنىڭ تويلۇقى چوڭ» دېگەندەك ئەهۋاللارنىمۇ سادىر قىلىدۇ. ئوغۇل تەرەپ، قىز تەرەپنىڭ هەممە شەرتىگە بەرداشلىق بېرىپ چىقىپ كەتسە، قىز تەرەپ ئامالسىز بۇ توينى ياندۇرۇشقا پېتىنالمايدۇ. شۇڭا كېرىيەدە «ئوغۇل بالا ئاسماندىكى ئاينى ئالاي دېسە، ئۈزۈپ ئالالايدۇ» دېگەن گەپ شۇ خىل ئادەتكە تەتبىقلانغان.

گۈل تويىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مۇهىم نۇقتا مەيلى باي، مەيلى گاداي بولسۇن ئەر-ئايال هەممىسىگە سىنچاي قۇيۇلغاندىن كېيىنلا، ناۋات چاي شەرتسىز قۇيۇلىدۇ، هالۋا چوقۇم ئېتىلىدۇ، بۇ قۇدىلارنىڭ مۇناسىۋىتى بۇنىڭدىن كېيىن تاتلىق ئۆتۈپ كەتسۇن دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

توي بولغۇچە ئارىلىقتا هېيت كېلىپ قالسا، هېيتنىڭ بېرىنچى ياكى ئىككىنچى كۈنى يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە «هېيت تەزىم»غا بارىدۇ. قىز تەرەپ يىگىتكە هېيتلىق كىيىم سوۋغا قىلىدۇ. يىگىت تەرەپ قىز تەرەپنى هېيتلاپ بېرىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. قىز تەرەپ يىگىت تەرەپكە هېيتلاپ بارغاندا، يىگىت تەرەپ قىزغا هېيتلىق كىيىم سوۋغا قىلىدۇ. هېيت كەلمىسە يىگىت تەرەپ قىز تەرەپنى مېهمانغا چاقىرىپ «قېيىن - بۇيان چېيى» ئىچۈرۈلىدۇ، قىز تەرەپمۇ جاۋابەن يىگىت تەرەپنى مېهمانغا چاقىرىپ چاي بېرىدۇ.

توي بولۇشتىن ئىككى كۈن ئىلگىرى هەر ئىككى تەرەپتىن ئايىغى ئىتتىك، زېهنى ئوچۇق كەنت، مەهەللىدىكى ئادەملەرنى پىششىق بىلىدىغان كىشىگە قىچقىرىدىغان ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى دەپ تويغا دېيىشكە بۇيرۇيدۇ. بۇ ئادەم ئۆيمۇئۆي بېرىپ «ئۆزلىرىنى پالانە ئاخۇننىڭ بالىسىنىڭ تويىغا چاقىردى» دەيدۇ. چاقىرىلغۇچى «بارىكاللا» دەپ ئورنىدىن تۇرىدۇ، يىراق يېزا - كەنتلەردىن قىچقىرىدىغانلارغا مەخسۇس ئۇلاغلىق ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ «جانابلىرىنى پالانە ئاخۇننىڭ پالانە كۈندىكى تويىغا پالانى، پالانىلار بىلەن قاتنىشىپ بېرىشنى دەپتۇ» دەيدۇ ياكى شۇ مەزمۇندا ئاق قەغەزگە باغاقچە يېزىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



يەنە تويغا ئىككى كۈن قالغاندا قىزنىڭ يېقىن ئاغىنىلىرى قىز تەييارلىغان ئائىلە جابدۇقلىرىنى ئېلىپ، يىگىتنىڭ ئۆيىگە «ئۆي جابدۇق»قا بارىدۇ ۋە ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەر بىلەن يىگىت تەييارلىغان ئۆينى جابدۇيدۇ، يىگىت تەرەپ ئۇلارغا تاماق تەييارلاپ مېھمان قىلىدۇ ھەم ئۆي جابدۇشقا كەلگەن قىزلارغا ئايرىم-ئايرىم سوۋغا (كۆپىنچە لۆڭگە، يۈز سوپۇنى، قولياغلىق قاتارلىقلار)نى قويۇپ بېرىدۇ ياكى تەقدىم قىلىدۇ.

تويىنىڭ ھارپا كۈنى: توي كۈنى بېكىتىلگەندىن كېيىن، تويدىن بىر كۈن بۇرۇن ئوغۇل تەرەپتىن بېرىلىدىغان تويىنىڭ «ئاش سۈيى»نى يېقىن تۇغقانلاردىن بىر نەچچەيلەن قىز تەرەپكە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ ئادەتتە پارچە توي دەپ ئاتىلىدۇ. ئاش سۈيى ئادەتتە: ئوتۇن، گۈرۈچ، سەۋزە، ياغ، گۆش (كۆپىنچە تىرىك قوي) قاتارلىق نەرسىلەردىن ئىبارەت بولىدۇ. تويدا مال ئۆلتۈرۈش ئەنئەنىۋى ئەقىدە بولغاچقا، ئاش سۈيىدە ئوغۇل تەرەپنىڭ ۋەكىلى قوينى يېتىلەپ كېلىپ، قىز تەرەپنىڭ ۋەكىلىگە تەقدىم قىلىدۇ. قىز تەرەپنىڭ ۋەكىلى قوي يېتىلەپ كەلگۈچىنى قۇرۇق قول يولغا سالمايدۇ. بىرەر كۆينەك ياكى شىم دېگەندەك نەرسىلەرنى قويۇپ بېرىدۇ. ئوغۇل تەرەپتىن قىز تەرەپكە ئاش سۈيىنى ئېلىپ بارغانلارنى قىز تەرەپ ئىززەت-ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىپ يولغا سېلىپ قويىدۇ. ھەممە ئادەم ئەتىكى تويىنىڭ ئالدىراشچانلىقىدا بولسىمۇ، ئاش سۈيى ئېلىپ كەلگەنلەرنى قازان ئېسىپ كۈتۈۋېلىش بۇ يۇرتنىڭ قەدىمدىن ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلگەن ئادىتىدۇر.

تويىنىڭ ھارپا كۈنى توي ئىگىسى ئۇرۇق-تۇغقان ۋە قولۇم-قوشنىلارنىڭ ياردىمىدە سەۋزە توغراش، قوي-كالا ئۆلتۈرۈش، گۈرۈچلەرنى سورۇپ تەييار قىلىش ۋە باشقا كەم-كۈتىلارنى تېپىپ تەييارلاش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئەتىكى تويىنىڭ كەم-كۈتىسىز، جايىدا ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدۇ. قىز-يىگىتلەرمۇ ئۆزىگە لازىملىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ بولىدۇ. تويىنىڭ ھارپا كۈنى يىگىت-قىز ئۆز ئۆيلىرىدە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ياردىمىدە غۇسلى تاھارەت ئېلىپ پاكلىنىپ ئەتىكى توي ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدۇ.

توي: يەنى توي كۈنى، توي كۈنى ھەر ئىككى تەرەپتە توي قازىنى ئېسىلىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز ئالدىغا مېھمان چاقىرىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپتە توي بولغۇچىلارنىڭ ئاتىسى بېشىغا دوپپا ياكى تەلپەك كىيىم، مويسىپىت بولسا سەللە يۆگەپ، ئۇچىسىغا پەلتۇ ياكى تون كىيىپ مېھمانلارنى كۈتۈۋالسا، تويى بولغۇچىلارنىڭ ئانىسى پىرىنجە كىيىپ، ئاق ياغلىق ئارتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىك تەلپەكنى قاداپ (بۇ تەلپەك پىيالىچىلىك بار) كەلگەن مېھمانلارنى خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. توي ھەرگىزمۇ جىمجىت ھالەتتە ئېلىپ بېرىلماستىن، بەلكى ئەتىگەندىن كەچكىچە ناغرا-سۇناي ئاۋازى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ، تويىنىڭ داغدۇغىسى، ھەشەمىتى دەل مۇشۇ يەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

ئەتىگەن بامدات نامازدىن كېيىن شۇ كەنتتىكى پۈتكۈل جامائەت كېلىپ توي ئېشىغا ئېغىز تەگكۈزىدۇ. توي شۇ باشلانغانغىچە چۈش بولۇش بىلەن تەڭ ياكى چۈشكە ئازراق ۋاقىت قالغاندا، مېھمانلار ئاساسەن ئۇزاپ بولىدۇ. تويغا شۇ ئائىلە ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن تۆۋىنى 200 ئائىلىلىكتىن، يۇقىرى 700 ـ 800 يۈز ئائىلىلىك مېھمان چاقىرىدۇ. تويغا كەلگۈچىلەر ھەرگىزمۇ قۇرۇق قول كەلمەيدۇ. شوكۇم ئېلىپ كېلىشىدۇ. ئادەتتە شوكۇمنى ئاياللار داستىخان يۆگەپ ئېلىپ كېلىدۇ (شوكۇم ـ پۇل، لاتا ـ پۇتا، كىگىز ـ گىلەم، قوي ـ كالا بولسا چەكلەنمەيدۇ). ئائىلىدە بىرلىككە كېلىپ نېمىنى ئاتىغان بولسا، نەچچىلىك ئاتىغان بولسا چەكلەنمەيدۇ، شوكۇممۇ ئادەتتە مۇناسىۋەتنىڭ يىراق ـ يېقىنلىقىغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

توي كۈنى ئۆي ئىگىسى ئەرلەرنى ئۇزىتىشقا ئايرىم، ئاياللارنى ئۇزىتىشقا ئايرىم ئۆيلەرنى تەييار قىلىدۇ. ئەرلەر كۆپىنچە قولۇم-قوشنىلارنىڭ ئۆيىدە ئۇزىتىلىدۇ. مېھمانلارنى ئۇرۇق-تۇغقان، قولۇم-قوشنىلارنىڭ ياردىمىدە ئەدەپ-ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. ئاياللار ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە مېھمان ئۇزاتقۇچىلاردىن بىرى چىقىپ، مېھمانلارنىڭ قولىدىكى داستىخاننى ئېلىپ ئەدەپ بىلەن ئۆيگە ئېلىپ كىرىدۇ. ئاياللار سۇپىدا رەتلىك ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاۋۋال قولغا سۇ بېرىپ، ئاندىن كېيىن داستىخان تارتىلىپ پولۇ قويۇلىدۇ. پولۇ يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن داستىخاننى يىغىۋاتماي تۇرۇپ، مېھمان كۈتكۈچىلەرنىڭ ياردىمىدە ئاياللار ھەممىسى ئۆزى يۆگەپ كەلگەن داستىخاننى ئېچىپ بىر باشتىن رەت تەرتىپ بىلەن «قۇرۇقىنە كەلدىم» دەپ ئۆزلىرىنىڭ شوكۇملىرىنى قويۇشىدۇ. تويىنىڭ ئايال ئىگىسى «قۇرۇق كەلمەپلا، ئاۋارىچىلىككە ساپتىمىز» دەپ ئۆزرە ئېيتىدۇ.



لەرنىڭ ھەممىسىگە ئاۋۋال سەي
داستىخنى سېلىپ شۇنىڭغا ئۇلاپلا
پولۇ قويۇلىدۇ. پولۇ قويۇشتا كۈيۈ-
ئوغۇلنىڭ ئانىسى، دادىسى ۋە بىر
تۇغقانلاردىن قانچىسى بولسا،
شۇلارنىڭ ھەممىسىگە بىردىن
قوينىڭ تۆشنى ئايرىم- ئايرىم
بېسىپ قويىدۇ، تويى بولغان يىگىت-
كە بولسا قوينىڭ قۇيرۇقنى قويۇپ
بېرىدۇ. بۇ يۇرتتا قوينىڭ قۇيرۇقى
«دۇمبە» دەپ ئاتىلىدۇ، «ياغ يەپ
مۇزدا يات» دېگەن گەپ شۇ
يەردىن قالغان.

تويلۇق ئېچىش: پولۇ داستە-
خنى سېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپ ئاياللار-
دىن بىرى تويلۇقنى بىر- بىرلەپ ئاچىدۇ. تويلۇق ئاۋۋال
قىز باسلاتقۇسىدىن باشلىنىپ، ئەڭ ئاخىرى بېتىنگىسىدە
ئاخىرلىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قۇدىلار ئارا قىلىشقان شو-
كۇمنى قويۇشىدۇ. بۇ قانچىلىك دائىرىدە بولسا چەكلەن-
مەيدۇ. ئىككى تەرەپ تويلۇقتىن باشقا ئۆزئارا «شوكۇم»
قىلىشماسلىقا پۈتۈشكەن بولسا، بۇ ئىشنى باشقىلار ئەيىب-
لەپ ئولتۇرمايدۇ. لېكىن تويلۇق ئېچىش جەريانى
شۇنداق قىزىقارلىق كۈلكە ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ،
چۈنكى تويلۇق ئېچىشقا گەپتان (سۆزمەن) ئاياللار قويۇ-
لۇپ، ھەر بىر تويلۇقنى چامادانىدىن ئېلىپ ئاجايىپ تاتلىق
سۆپەتلەر بىلەن سۆپەتلەپ بىر- بىرلەپ قويۇپ چىقىدۇ.
تويلۇق ئېچىلىپ بولغاندىن كېيىن قىز تەرەپمۇ ئوغۇل تە-
رەپكە ياكى ئوغۇلغا ئۆزىنىڭ ئاتىغانلىرىنى قويىدۇ.
ئوغۇل تەرەپمۇ قىز تەرەپنىڭ قويغان (ئاچقان) تويلۇق
شوكۇملىرىنى «ھەشقاللا» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ
ئىززەت - ئىكرام بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. بۇ كىيىملەرنى
قىز تەرەپتىن بىر نەچچەيلەن قولىغا (پەتنۇستا) ئېلىپ
يىگىت بار ئۆيگە ئاچىقىپ بېرىدۇ. يىگىت ئۆزىنىڭ قول-
داشلىرىنىڭ ياردىمىدە «باركاللا» قىلىپ ئېلىپ، يەنە
يىگىت قولداشلىرىنىڭ ياردىمىدە كىيىپ كەلگەن تاش كى-
يىمنى سېلىۋېتىپ، قىز تەرەپ قويۇپ بەرگەن كىيىملەرنى
ئاۋۋال باش كىيىمدىن باشلاپ كىيىدۇ. شۇنىمۇ ئەسكەر-
تىپ ئۆتۈش كېرەككى، يىگىتكە قويۇپ بېرىدىغان كىيىم
باش كىيىملىرىدىن تۇماق ياكى تەلپەك ياكى دوپپا بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن يۆگەپ كەلگەن لېگەن (تۈگكا) ئۈستىگە
پولۇ ئېلىنىپ، لېگەنچىلىك چوڭلۇقتىكى بىر كاكچا نان
ئۈستىگە يېپىلىپ، ئاندىن داستىخانغا يۆگىلىدۇ. مانا بۇ
«زەللە» دەپ ئاتىلىدۇ. تويغا كەلگەن ئاياللار «زەللە»
ئېلىپ ئۆيگە ئاپىرىپ باللىرىغا بېرىدۇ، توي ئېشىغا
تويغا بارمىغان باللارمۇ ئېغىز تېگىدۇ.

ئوغۇل تەرەپتىن كەلگەن ئاياللار قىز تەرەپنىڭ
ئىشىك ئالدىغا ئون مېتىر ئەتراپىدا قالغاندا توختاپ، قىز
تەرەپنىڭ ئۆيگە باشلىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. قىز تەرەپمۇ
ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئوغۇل تەرەپنى ئىززەت- ئىكرام
بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. «بىز ئۇزاق يول بېسىپ كەلگەندىكىن
بوسۇغىنىڭ سىرتىغىراق چىقسىلا»، «سىلىمۇ ئالغىلى كەل-
گەندىكىن دادىل قەدەم بېسىپ كىرسىلە» دېگەندەك چاق-
چاقلار بىلەن ئىككى تەرەپ بىردەم ئۈستۈنلۈك تالاشقان-
دىن كېيىن ئاياللارنى ئۆيگە باشلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا كۈلكە-
چاقچاق ئاجايىپ ئەۋجىگە چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاياللار
رەتلىك تىزىلىپ ئىشىك تۈۋىدە تۇتۇپ تۇرغان پەتنۇستىكى
نازۇ- نېمەت ۋە تاتلىق تۈرۈملەر (قەنت، توغرالغان گۆش،
چىلان، ئۈزۈم، ياڭاق) لارنىڭ بىرەرسىدىن ئېلىپ چاينىغاچ
ئۆيگە ماڭىدۇ. ئەر- ئاياللارنى باشلاپ بولغاندىن كېيىن
نۆۋەت يىگىتلەرگە كېلىدۇ. يىگىتلەرمۇ تاتلىق تۈرۈملەر-
دىن بىر تىكىدىن ئېلىپ يېگەچ باشلىغان ئۆيگە كىرىشىدۇ.

توي كۈنى قېيىن بۇيان بولغۇچىلارنى ئۇزىتىش تەر-
تىپى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

قىز تەرەپ، ئوغۇل تەرەپتىن قىز يۆتكەشكە كەلگەن-

MIRAS

uyghurkitap.com





ئۇنىڭدىن باشقا كۆڭلەك، بىر قۇر كىيىم، پەدەي بىلەن قوشۇپ پەلتۇ، بېتىنگە قويۇپ بېرىلىدۇ. تويى بولغان يىگىت كىيىمنى كىيىپ بولغاندىن كېيىن تويغا كەلگەن ھەممە يىگىتلەر «مۇبارەك بولسۇن» دەپ دوستى ئۇچۇن ئۆز خۇشاللىقىنى بىلدۈرۈشىدۇ. كىيىم ئالماشتۇرۇش يىگىتنى باشلىغان ئۆيدە بولىدۇ. يىگىتكە كىيىمنى قويۇپ بېرىشتە نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن قويۇپ بېرىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ.

نىكاھ ئوقۇش: تويلۇق ئېچىلىپ بولغاندىن كېيىن نىكاھ ئىشى قىزنىڭ ئۆيدە بېجىرىلىدۇ. ئىككى تەرەپتىن تويغا قاتناشقان يۇرتنى ئىمام ۋە مەزىنلىرى قىز دادىسى ۋە ئوغول دادىسى بار يەرگە يىگىتنى چاقىرتىپ نىكاھ قىلىشنى باشلايدۇ. يىگىت بىر نەچچە يىگىت بىلەن بىرگە نىكاھ ئوقۇيدىغان ئۆيگە كىرىدۇ. ياندىكى ئۆيدە قىزمۇ نىكاھنى ئاڭلاپ ئولتۇرىدۇ. نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، قىز ئاتىسى ئۆز قىزىنى ھەممە ئاڭلىغۇدەك قىلىپ «بەردىم» دېگەن سۆز بىلەن قىزىنى ئەرگە بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى قىزنىڭ ئاتىسى ھاياتلا بولىدىكەن، ئەرگە بېرىشتە شۇنىڭ سۆزى گۇۋاھلىق بولىدۇ. ئەگەردە قىز دادىسى ھايات تۇرۇپ، ئۇ گۇۋاھلىق بېرىشكە قاتناشمىسا باشقىلارنىڭ گۇۋاھلىق سۆزى ئىناۋەتكە ئېلىنمايدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن بارلىق يىگىتلەر قىزنىڭ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، يىگىتنىڭ دوستلىرى يىگىتنى ئورىۋېلىپ «ئاللاھۇ» توۋلايدۇ.

ئاللاللۇ...
بەرگەنلەرگە ھەشقاللا...

بۇنى ئارقا-ئارقىدىن بىر نەچچە قېتىم توۋلىغاندىن كېيىن، قىز تەرەپ ئىرەنمۇ قىلمىغان بولسا، يىگىتلەر يەنە «ئاللاللۇ» توۋلاشنى داۋاملاشتۇرىدۇ:

ئاللاللۇ
بەرگەنلەرگە ھەشقاللۇ
ساقلاپ قالدى ياش باللا
كەچ بولدى، شاپ بولسىلا؟

دەپ «ئاللاللۇ» توۋلاپ قىزنىڭ ئىشىك ئالدىنى قاينام تاشقىنلىققا تولدۇرۇۋېتىدۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قىز قولدىشى يىگىت قولدىشى يېنىغا تويى بولغان قىزنىڭ بىر پاي ئايىغىنى ئېلىپ چىقىپ «ئاياغ پاتمىدى» دەيدۇ. يىگىت بېشى ئاياغنىڭ ئىچىگە پۇل تىقىدۇ. پۇل قانچە كۆپ بولسا چەكلەنمەيدۇ. بۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يىگىت ئانىسى قىز ئانىسىدىن قىز سورايدۇ. قىز ئانىسىمۇ قىزنى گۈلدەك ياساپ چىقىرىپ بېرىدۇ ۋە قىز قولداشلىرى ھويلىغا ئازراق گۈلخان يېقىپ قىزنى ئوتتىن ئاتلىتىدۇ.

قىز يۆتكەش: قىزنى قىزنىڭ بىر تۇغقانلىرى ياكى يېقىن تۇغقانلىرى گىلەمگە ئولتۇرغۇزۇپ ئىشىك ئالدىغا ئېلىپ چىقىدۇ. قىزنى يىگىتنىڭ دادىسى ياكى تاغىسى، ئۈستىگە توي يوپۇقى سېلىنغان ئاتقا مىندۇرۇپ يىگىت ئۆيىگە ئېلىپ ماڭىدۇ. قىز يەڭگىسى ۋە قىزنىڭ بىر قىسىم تۇغقانلىرىمۇ قىزغا ھەمراھ بولۇپ، قىز يۆتكىگەنلەر بىلەن يىگىتنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. قىز يۆتكەپ مەھەللىگە كىرگەندە ۋە قىز مەھەللىسىدىكى ياشلار ئارغامچا تارتىپ توي توسايدۇ. يىگىت بېشى ئۇلارغا توي ساقىتلىرىنى بەرگەندىن كېيىن يول بېرىدۇ ياكى ئۇسسۇل ئويناپ بەرگەندىن كېيىن يول بېرىدۇ. يىگىتنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە قىزنى پاياندازغا دەسسىتىپ، ئىشىك ئالدىغا يېقىلغان گۈلخاننىڭ ئۈستىدىن ئايلاندۇرۇپ ئۇدۇل يىگىتنىڭ ئاتىسىنىڭ ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىرىدۇ.

قىز كۆچۈرۈپ كېلىنگەندىن كېيىن ئۆينىڭ تۆرىگە كۆرپە سېلىپ، كۆرپىنىڭ ئاستىغا تاش، سۈپۈرگە قىستۇرۇلىدۇ ھەم تاش، سۈپۈرگە قىستۇرغاندا مۇنۇ قوشاق ئوقۇلىدۇ.

سۇنىڭ ئۈلۈگى يانىڭ،
دوڭغاق سۆگەت سانىڭ.
تاشنىڭ ئېغىرى ساينىڭ،
خوتۇننىڭ ئېغىرى ئۆينىڭ.

دەپ تاش قىستۇرۇپ شۇنىڭغا ئۇلاپلا تۆۋەندىكى بېيىت ئوقۇلىدۇ.

— سۈپۈرگە قويدۇم چاققانىنە، ئۆينى پاكىز تۇتسۇن دەپ، ئۆيمۇ سۇدەك ئۈز بولۇپ ئەر كۆڭلىنى ئۇتسۇن دەپ، — دېگەن بېيىتتىن كېيىن قىزنى شۇ كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرغۇزىدۇ. بۇ قىزنى تاشتەك ئېغىر بولۇپ، مۇشۇ ئۆينى پاكىز تۇتۇپ ئورناپ قالسۇن دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

يۈز ئاچقۇ: قىزنى كۆچۈرۈپ كېلىپ چارەك ۋاقىت ئۆتە-ئۆتمەيلا قىزنىڭ ئانىسى يېقىن تۇغقانلىرى ۋە قولۇم-قوشنىلىرىنى ئېلىپ، قىزنىڭ ئارقىسىدىن يۈز ئاچقۇغا كېلىدۇ. قىزنىڭ ئاتىسى كەلمەيدۇ. يىگىت ئانىسى كىرىپ

ئۇسسۇل ئويناپ كېلىنى بېشىدىكى رومالنى قايرىۋېتىپ يۈزىنى ئاچىدۇ. قىز قولدىشى رومالنى يەنە يېپىپ قويىدۇ. يىگىت ئانىسى ئۇسسۇل ئويناپ كېلىپ يەنە ئاچىدۇ. بۇ ئىش ئۈچ قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن قىز بېشىدىكى رومالنى قايرىۋەتكىنى ھېساب بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يىگىت ئانىسى (يەنى قىزنىڭ قېيىنئانىسى) كېلىنىنىڭ قولىغا بىر جۈپ ئۈزۈك سېلىپ قويىدۇ. مانا بۇ قېيىنئانا بولغۇچىنىڭ كېلىنگە قىلىدىغان مېھرىبانلىقىنىڭ تۇنجى باشلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن داستىخان تارتىلىپ يېڭى كېلىنگە «بوتقا» ئىچۈرۈلىدۇ. بوتقا دېگىنىمىز: پولۇنىڭ ئۈستىگە سەي ئېلىپ، ئازراق سۇ قوشۇپ ياكى سۈت قوشۇپ ئايرىم قازاندا يەنە پىشۇرۇپ ئىچىدىغان پولۇدىن سۇيۇق، شويلىدىن قويۇق بولغان ئاش. بۇ ئاشنى قېيىنئانا بولغۇچى پەتنۇسقا ئېلىپ ھۆرمەت بىلەن ئۆز كېلىنگە تۇتۇپ بېرىدۇ. بۇ خىل بوتقا ئىچۈرۈش ئادىتى قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىمۇ بار بولۇپ، ئۇ يەردە «ئاق ئاش» دەپ ئاتايدۇ ھەم گۈرۈچنى سۈت بىلەن پىشۇرىدۇ.

كۆمەچ تالىشىش: قىز تەرەپتىن كەلگەنلەر ئىچىدە قىزنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىدىن بىرى كۆمەچ يۆگەپ كېلىدۇ. يىگىت بېشى ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرىپ، چاچقۇ (كەمپۈت، قەنت، ئۈزۈم، ياڭاق مېغىزى، چىلان، گۈلە قاتارلىق تاتلىق تۈرۈملەر)نى چاچقاندىن كېيىن كۆمەچنى بېرىدۇ. باش يىگىت كۆمەچنى ئېلىپ سىرتقا قاراپ قاچىدۇ. يىگىتلەر باش يىگىتنى قوغلاپ يېتىشىۋېلىپ كۆمەچنى تالىشىدۇ ۋە بىر لوقمىدىن يېيىشىدۇ، كۆمەچنى تالىشىپ بۇلاپ يېيەلمىگەن يىگىت بۇ يۇرتتا كۆزگە ئېلىنمايدۇ.

يېڭى كېلىننى ئايۋانغا يۆتكەپ چىقىپ، قىز - يىگىتلەر ئىنتايىن كۆڭۈللۈك بولغان قايناق ھېسسىيات، جۇشقۇن كەيپىيات ئىچىدە مەشرەپ تۈزىدۇ. مەشرەپ بەك قىزىيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېرىيەنىڭ يەرلىك ئۇسسۇلى بولغان «توكۇرۇم پەخشىم» ئۇسسۇلى پۈتۈن سورۇننى ئاجايىپ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈپ، مەشرەپ ئەھلى بولغان قىز-يىگىتلەر ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۇسسۇلغا كىرىشىپ كېتىدۇ، چالغۇچىلار پەدىنى يۆتكەپ چېلىپ مەشرەپنى خېلى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئەتىسى سەھەردە قىز يەڭگىسى بىر جۈپ ياشنى ئويغىتىپ، تويى بولغان خېنىمغا «غۇسلى تاھارەت» ئېلىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىپ، شۇ بويىچە تاھارەت ئالدۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تويى بولغان بۇ خېنىمنى ئوغۇلنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئاچىقىپ غىزالاندۇرىدۇ. تويى بولغان خېنىمنىڭ ئانىسى ئۇرۇق-تۇغقان، قولۇم-قوشنا ۋە يېقىن يورۇقلىرى بىلەن بىرلىكتە ھەر خىل داستىخان يۆگەپ ناشتىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ناشتىلىق ئېلىپ كېلىشمۇ ئىككى-ئۈچ كۈنگىچە داۋاملىشىدۇ. توي قىلىپ چۈشتىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپ كېلىننى يەنە يېڭى بىر قۇر كىيىم كىيگۈزۈپ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارىدۇ. مانا بۇ قىز كۆرسىتىش دەپ ئاتىلىدۇ (ھازىر بۇ ئادەت توي بولغان كۈنىنىڭ ئۆزىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇۋالدى). قىز تەرەپ كۈيئوغۇلغا تۇخۇم پىشۇرۇپ قويۇپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن توي تاماملىنىدۇ.

بۇ ئادەت كېرىيەلىكلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە سىڭىشىپ، ئۆزلىشىپ كەتكەن بولۇپ، قېيىن-بۇيانلار (قۇدا-باجىلار)نىڭ ئۆزئارا ھۆرمەتنى قىلىشتا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن. ئەمما توي كېچىسى قىزدىن مەسىلە چىقىپ قالغان بولسا، قىز كۆرسىتىشكە ئېلىپ بارغاندا، قىزنى ئانىسىنىڭ ئۆيىدە قالدۇرۇپ قويۇپ كېلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولغان، شۇ ۋەجىدىن قىزلارغا ئاتاپ مۇنداق بىر كۇپلېت قوشاق توقۇلغان:

توي ئىشى ئۆمۈر ئىشى،
يەتتە ئۆلچەپ بىر لا كەس.
تويدىن ئىلگىرى بۇزۇلساڭ،
كۈن كۆرمىگىڭ بەكمۇ تەس.

مانا بۇ قوشاق كېرىيەلىكلەرنىڭ قىزلىرىنى ئەدەپ-ئەخلاقلىق چوڭ قىلىشتىكى مۇھىم بىر مەزمۇنى بولۇپ، قىزلارغا قويۇلىدىغان تەربىيەنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئازنىلاش (جۈمەلەش): قىز توي قىلىپ يىگىتنىڭ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن ھەپتىنىڭ ئازنا كۈنى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يوقلاپ كېلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئايال ئازنىلايدىغانلىقىنى ئېرىگە دەپ قويۇپ، قېيىنئانىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالىدۇ، قېيىنانىسى قوشۇلسا قۇرۇق قول يولغا سالماي، داستىخان يۆگەپ ئېرى بىلەن بىرگە يولغا سالىدۇ. ئۇلار ئىشلىرى بولسا قىلىشىپ بېرىپ بىر كۈن تۇرۇپ قايتىپ كېلىدۇ. قېيىنئانىسى قوشۇلمىسا كېلىن ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ ئازنىلاپ بارمايدۇ. ئېرىنىڭ بىرەر ئىشى بولسا ياكى ئۆيىدە بولمىسا، قېيىنئانىسى قوشۇلسا ئەقلىگە كەلگەن بىرەر بالىنى قوشۇپ يولغا سالىدۇ، ھازىر يالغۇز يولغا سېلىپ قويىدىغان ئادەت خېلى ئومۇملاشتى.

(ئاپتور: كېرىيە ناھىيەلىك كەسپىي مەكتەپتە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئەنئەنىۋى مىللىي كىيىم-كېچەك ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنى توغرىسىدا



ئەكرەم ئابدۇمىجىت

ئەنئەنە بىر مىللەت مەنىۋىيىتىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى. ئۇ شۇ مىللەت كىشىلىرى ئارىسىدا كەڭ ۋە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، ئومۇملاشقان ھەم تۇرلۇك ئىشلىرىدا روشەن ئىپادىلىنىدىغان ئاڭ شەكىللىرىنىڭ بىرى. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىسى بولىدۇ. ئۇ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ياردامىسى بولۇپ، شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ-ئادىتى، مەدەنىيىتىگە مۇناسىپ تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ماكان ۋە زامان تەرەققىياتقا سىلىشتۇرغاندا، بۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى تەرەققىياتقا ئاكتىپ تەسىر قىلسا، بەزىلىرى پاسسىپ تەسىرمۇ كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئەنئەنىلەرنى «ئۇدۇم، مىراس» دەپ قاراپ ھەممىسىگە قارىغۇلارچە ئېسىلىۋېلىشقىمۇ ياكى ئۇنى «كونىلىق» دەپ ھېسابلاپ بىر يولدا ئىنكار قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئېسىل ئەنئەنىلەرنى چوقۇم ھازىرقى زامان ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ بېيىتىپ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك. ئۇيغۇر مىللىتى دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ناھايىتى ياخشى ئەنئەنىلەرگە ئىگە. بۈگۈنكى دەۋردە بىز ئۆزىمىزدىكى ئېسىل، خاسىيەتلىك مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزنى چوقۇم جارى قىلدۇرۇشىمىز ۋە ئۇنى زامان ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بېزەپ تېخىمۇ ياخشى جۇلالاندۇرۇشىمىز زۆرۈر.

ئۇيغۇرلاردا مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزگە تەۋە نەرسىلەر خېلى كۆپ بولۇپ، ئەخلاق-پەزىلەت، مىللىي تېبابەت، تەبىئەتنى سۆيۈش، ھۈنەر-سەنئەت، ناخشا-ئۇسسۇل، كىيىم-كېچەك... قا-

تارلىقلار ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر، بۇلار بىزنىڭ مەنىۋى مەبلىغىمىزدۇر.

**قەدىمكى زامان كىيىم-كېچەكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تۈرى، ماتېرىياللىرى**

ئىنسانلار يالىڭاچ يۈرۈشتىن ئوت-چۆپ ۋە يوپۇرماقلارنى كىيىم-كېچەك ئورنىدا ئىشلىتىپ، ئۇياتلىق يەرلىرىنى ياپقىچە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن هايۋانات تېرىلىرىنى ئۆز پېتى ئوراپ يۈرۈشتىن پىششىقلاپ ئىشلەشكىچە، ئاخىر هازىرقى زاماندىكى خىلمۇخىل كىيىملەرنى مەيدانغا كەلتۈرگىچە ناهايىتىمۇ ئۇزاق بىر تارىخىي دەۋرنى بېسىپ ئۆتتى. بۇ كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى، ئۇ ئىنسانلار بىلەن تەبىئىي مۇهىت ۋە ئىجتىمائىي مۇهىت ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ئالاقە داۋامىدا پەيدا بولغان ۋە شەكىللەنگەن هەم تەرەققىي قىلغان. ئىنسانلار تەبىئەت بىلەن ماسلىشىش جەريانىدا كىيىم كىيىشنى ئۆگىنىپلا قالماي، بەلكى كىيىم-كېچەك بىلەن بەدەننى زىننەتلەش، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرىنى، خۇشاللىق هەۋەسلىرىنى ئىپادىلەشنى ئۆگىنىۋالدى. ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ كىشىلەر كىيىم-كېچەك ئارقىلىق ئورۇن ۋە مەرتىۋىلەرنى ئىپادە قىلىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن كىيىم-كېچەك بىر خىل سىمۋوللۇق مەنىگىمۇ ئىگە بولۇشقا باشلىدى. كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىنى تەهلىل قىلغاندا ئۇنىڭ رەڭگى، ماتېرىيالى، پاسونى، دەرىجىسى قاتارلىق جەهەتلەردىنمۇ تەهلىل قىلىشقىمۇ، شۇنداقلا كىيىملەرنى دىنىي مەزمۇن، تارىخىي ئىزچىللىق، ئۆرپ-ئادەت جەهەتلەردىن تەهلىل قىلىشقىمۇ بولىدۇ. هەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئالاهىدىلىكى، جۇغراپىيەلىك شەرت-شارائىتى، دىنىي ئېتىقادى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى ۋە گۈزەللىك قارىشى قاتارلىق تەرەپلەرنىڭ ئوخشاش-ماسلىقى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ كىيىنىش ئادىتىدە روشەن مىللىي پەرقلەر كېلىپ چىققان. گەرچە ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ كىيىم-كېچەككە دائىر قاراشلىرى، ئۆلچەملىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ هەممىسى شۇ دەۋر، شۇ مىللەتكە خاس مەدەنىيەت مۇهىتىدا ياشاۋاتقان هەر بىر شەخسنى مەلۇم جەهەتتە چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ.

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن بېرى ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن ياكى ئىلگىرى ئولتۇراقلىشىپ، كېيىن خارابىلىككە ئايلانغان شەهەر قەلئەلىرى، قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان بىر





قىسىم كىيىم-كېچەكلەردىن مەلۇم بولىدىكى، ئۇيغۇر كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ تۈرى ناهايىتى كۆپ، شەكلى هەر خىل ۋە رەڭگارەڭ. ناهايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپلا تەبىئىي ئېهتىياج بىلەن ئېستېتىك ئېهتىياجنى بىرلەشتۈرۈپ كىيىنىش جەهەتتە مىللىي ئالاهىدىلىكنى ياخشى جارى قىلدۇرغاندى. ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى زامانلاردا ئەيلەنگەن تېرىلەردىن تىكىلگەن، يۇڭدىن توقۇلغان رەختلەردىن ۋە يىپەك رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيگەن بولۇپ، بۇلار ئاساسەن باش كىيىم، ئۈستى كىيىم ۋە ئاياغ كىيىملەرگە بۆلۈنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە بەزى باش كىيىم ۋە ئۈستى كىيىملەر ۋە ئۇلارنىڭ مەلۇم قىسىملىرى تۆمۈر، مىس قاتارلىق مېتاللاردىن ياسالغان بولۇپ، بۇلار كۆپىنچە جەڭ كىيىملىرىدىن ئىبارەت بولغان. بۇنىڭدىن 1000 يىللار بۇرۇنقى ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار ۋە هەر خىل يازما ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىملىرى تاش كىيىم، ئىچ كىيىم دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە، شەخسنىڭ پائالىيەت ئېهتىياجىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ،

ئۆي ئىچى كىيىم، تالالىق كىيىم، ئەمگەك كىيىمى، كەسپى كىيىم ۋە مۇراسىم كىيىملىرىگە بۆلۈنۈشكە بولىدۇ.

## دىنى مەزمۇن قىلىنغان كىيىم-كېچەكلەر

ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا ئاتەشپەرەسلىك دىنى، بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىق كۆپ خىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان. بۇ دىنلارغا ئائىت كىيىم-كېچەكلەرمۇ ماس ھالدا تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. بۇددا دىنىدىكى كىيىم-كېچەك ئادەتلىرىمىزنى مىڭئۆي رەسىملىرىدىن روشەن كۆرەلەيمىز. بۇ كىيىملەرنىڭ ماتېرىيالى يەنىلا يىپەك ۋە يۇڭ رەختلەردىن بولۇپ، تەڭگە گۈللۈك، ئۇششاق جىيەكلىك، قايرىما ياقىلىق قېنىق رەڭلىك پاسونلاردا تىكىلگەنىدى. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىدە يەنە ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە بولدى. بۇ كىيىملەر ئاساسەن دىنىي تۈسى قويۇق بولغان شەكىللەردە ئىپادىلەندى. ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم-كېچەك ئەنئەنىسىدە يەنە گۈللۈك يىپەك رەخت كىيىملەر چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرى ھەر خىل گۈللۈك ۋە نەقىشلىك يىپەك رەخت كىيىملەرنى كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

## چەت ئەلنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ تەسىرى

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ بىر قىسىم ئۇيغۇر بايلىرى ۋە زىيالىيلىرى سودا ئىشى ۋە ئىلىم ئېلىش ئىشلىرى بىلەن چەت ئەللەرگە چىقىپ، ئۇ جايلارنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى بىلەن تونۇشۇپلا قالماي، بەلكى كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلدى. ئەنگلىيە، رۇسىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە چىققان زىيالىيلار ۋە ئۇ جايلاردىن بىزگە كەلگەن بىر قىسىم ئارخېئولوگ، تەتقىقاتچىلار كىيىپ كەلگەن كىيىملەر ئاساسەن كاستۇم-بۇرۇلكا، شىلەپە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ خىل كىيىم-كېچەكلەر ئازادلىقنىڭ ئالدى-كەينىدىن باشلاپلا بىزگە كىرىشكە باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر مىللىي كىيىم-كېچەكلىرى يەنە بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى.

ئازادلىق ھارپىسىدا ئىلى قاتارلىق جايلاردا بولسا يەنىلا ياۋروپا پاسونىدىكى كىيىم-كېچەكلەر بىلەن مىللىي پاسوندىكى كىيىم-كېچەكلەر تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. مەسىلەن، ئىلى رايونىدىكى كىيىدىغان ئاق كىگىز مالخاي، ماتادىن تىكىلگەن ياقىسىز ئەرلەر كۆڭلىكى، قارا پوتا، پەس پاشنا مەسكاپ ئۆتۈك، ئاياللارنىڭ گۈللۈك ئۇزۇن چىت كۆڭلەك، ئەرلەرنىڭ قىزىل مانچىستىر دوپپا قاتارلىق كىيىملىرى بىلەن ياۋروپا پاسونىدىكى قارا شىلەپە، كاستۇم-بۇرۇلكا قاتارلىقلار تەڭ مەۋجۇت بولغان.

## ئەنئەنىۋى كىيىملەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

نۆۋەتتىكى جەمئىيەتنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ مىللىي كىيىم-كېچەكلەرنى كىيىشكە ئېتىبار بېرىلمەيۋاتىدۇ. مىللىي كىيىم-كېچەكلەر ئاساسەن مىللىي ئۆرپ-ئادەت مۇزېيلىرىدا، سەھنىلەردىكى ئارتىسلارنىڭ ئۇچىسىدا قالدى. ھازىر كىيىم-كېچەككە قاراپ ياش پەرقىنى، جىنسىي ئالاھىدىلىكىنى پەرق ئېتىش تەس. ئەر-ئايال، چوڭ-كىچىك ھەممىسىلا ئۆزى خالىغانچە كىيىم كىيىدىغان، ھەتتا تويلاردىمۇ قىز-ئوغۇللار ياۋروپالىقلارنىڭ كىيىملىرىنى كىيىدىغان بولدۇق. تارىختا نەزەر سالساق كىيىم-كېچەكلىرىمىز باشقىلارغا ئۈلگە بولغان، تالاي دەۋرلەردە چاڭئەن قاتارلىق جايلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى مودا بولغان. ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ھازىرمۇ ياپونىيەدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا كىيگەن بىر قىسىم كىيىملىرى ياپونىيە قىزلىرىغا مودا بولۇۋېتىپتۇ. دەرۋەقە زامانىنىڭ تەرەققىياتى تۈپەيلىدىن تەرەققىي قىلىش كېرەك، بىراق تەرەققىي قىلىشتا چوقۇم مىللىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا تەرەققىي قىلىش كېرەك. مىللىي كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ئېسىل پاسونلىرىنى ھازىرقى زاماندىكى ئېسىل رەختلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈش بەكمۇ زۆرۈر، ھازىر بىر قىسىم كارخانىلىرىمىز بۇ جەھەتتە ئىزدىنىۋاتىدۇ.

يۇقىرىقى مەسىلەرنى ئومۇملاشتۇرغاندا مىللىي كىيىم-كېچەكلەر بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ نامايەندىسى. ئۇيغۇرلار تارىختىن بېرى جاھان مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن مىللىي كىيىم-كېچەك جەھەتتىمۇ بىر خىل ئىزچىللىققا ئىگە، بۇ مىللىي ئەنئەنىلەرگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىمىزنى ساقلاپ قېلىپ، ئۇنى ھەممەيلەن ھەۋەس قىلىدىغان ھالەتكە ئەكېلىشىمىز كېرەك.

پايدىلانمىلار:

1. «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى»، ئابدۇكېرىم راخمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتار. شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996-يىل 8-ئاي نەشرى.
2. «بۇلاق» ژۇرنىلى 2007-يىل 1-سان.
3. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000-يىل نەشرى.

(ئاپتور: غۇلجا ناھىيە چۇلۇقاي ئوتتۇرا مەكتەپتە)

# ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆي-ئىمارەت ۋە هويلا-ئارام بەرپا قىلىش ئادەتلىرىگە سىڭگەن ساقلىقنى ساقلاش قاراشلىرى

قۇربانجان ئوبۇل

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا باشقا مىللەتلەردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان خېلى كۆپ مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ياراتقان بولۇپ، ئۆي-ئىمارەت ۋە هويلا-ئارام مەدەنىيىتى دەل مۇشۇلارنىڭ ئىچىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ بىرى هېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلار ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدىكى چاكىگەسىمان چەللىدىن كەپىگە، ئۆڭكۈردىن گەمە ياساپ ئولتۇرۇشقا، كېيىنچە مەلۇم گېئومېترىيەلىك شەكىلگە ئىگە كېمىر ئۆي ياكى ئۈستى ياغاچ بىلەن يېپىلغان تۆت چاسا ئۆيلەردە ئولتۇرۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلغان. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىدا ھەم قۇرۇلمىسىدا ئىلگىرىلەش بولۇپ تېخىمۇ كۆركەملەشكەن، يەنى، بىر يۈرۈش ئايۋان-سارايلىق (مېھمانلىق) ئۆي سېلىش بىلەن بىرگە ئۆيگە ماسلاشتۇرۇپ هويلا-ئارام بەرپا قىلىش ئادىتى شەكىللەنگەن. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆي-ئىمارەت ۋە هويلا-ئارام بەرپا قىلىش ئادىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقى ئۆي-ئىمارەت ۋە هويلا-ئارام بەرپا قىلىشتا، ئۇنىڭ ئەڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىگىچە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆي-ئىمارەت ۋە هويلا-ئارامنى ئۆزىگە پايدىلىق بولغان تەرەپتە لايىھەلەپ، ئۇنىڭدىن تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا پايدىلانغىلى بولىدىغان قىلىپ سالغاندىن سىرت، يەنە ئۆزىنىڭ ساغلاملىقىنى ئاسراش، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كېسەل داۋالاش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ پايدىلانغىلى بولىدىغان قىلىپ ئۆي-ئىمارەت سېلىش ۋە هويلا-ئارام بەرپا قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن. ئۇيغۇر خەلق-



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نىڭ ئۆي- ئىمارەت ۋە ھويلا- ئارام سېلىش ئادەتلىرىگىمۇ ئۆزگىچە بولغان پەلسەپىۋى قاراشلار، تىبابەتچىلىك، ساقلىقنى ساقلاش قاراشلىرى سىڭدۈرۈلگەن، ئۇنىڭدا قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن. مەسىلەن، ئۆينىڭ ئالدى تەرىپىنى شەرق ياكى جەنۇب تەرەپكە قارىتىپ سېلىش، ئۆيگە تۈگۈلۈك قويۇش، ئۆي ئىچىگە كاڭ چىقىرىش، ئۆينى سېغىز كېسەك ۋە ياغاچتا سېلىش، ئۆيگە رام قويۇش، ئۆينىڭ تام- تورۇسلىرىغا گۈل ئويۇش، ئۆينىڭ تاملىرىغا تەكچە ياساش، ئۆي ئىچىگە مورىلىق ئوچاق سېلىش، ئۆينىڭ ھويلا- ئاراملىرىغا گۈل يېتىشتۈرۈش، ھويلا- ئارام ئەتراپىغا مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىش، ھويلا ئالدىغا باراڭ ياساش، سەھەردە ھويلا- ئارامنى سۈپۈرۈش قاتارلىق تۇرمۇش ئادەتلىرىدە روشەن تىبابەتچىلىك، ساقلىقنى ساقلاش قاراشلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، بۇلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا سىستېمىلىق ھالدا توپلىغان ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنىدۇر.



تۆۋەندە مەن ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كۆپ ئۇچرايدىغان ئۆي- ئىمارەت ۋە ھويلا- ئارام بەرپا قىلىش ئادەتلىرىنىڭ ساغلاملىققا بولغان پايدىلىق تەسىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

**1. ئۆينىڭ ئالدى تەرىپىنى كۈن چىقىش ياكى كۈن ئولتۇرۇش تەرەپكە قارىتىپ سېلىش ئادىتى:** ئۇيغۇر خەلقى ئۆي سېلىشتا ئۆينىڭ ئالدى تەرىپىنى شىمال ياكى غەرب تەرەپكە قارىتىپ سالماستىن، بەلكى شەرق ياكى جەنۇب تەرەپكە قارىتىپ، ئايۋان- سارايلىق قىلىپ سېلىشقا ئادەتلەنگەن. ئۆينىڭ ئالدىنى كۈن چىقىش ياكى كۈن ئولتۇرۇش تەرەپكە قارىتىپ سېلىش ئادىتى قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئومۇميۈزلۈك ساقلانغان مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكلى — قۇياش ئېتىقادچىلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. لېكىن بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسىگە مەلۇم دەرىجىدە ساقلىقنى ساقلاش ئىدىيەسىمۇ سىڭگەن، ئادەتتە ئۆينىڭ ئالدىنى كۈنگەي تەرەپكە قارىتىپ سالغاندا، ئۆي ۋە شۇ ئۆيدە تۇرىدىغان كىشىلەر ئۇزاق ۋاقىت قۇياش نۇرى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. قۇياش نۇرى تەركىبىدە ئادەم بەدىنى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان تەركىبلەر كۆپ بولۇپ، كىشىلەر قۇياش نۇرى بىلەن ئۇزاق ۋاقىت ئۇچراشقاندا، قۇياش نۇرى تەركىبىدىكى پايدىلىق تەركىبلەر بەدەنگە ئۆزلەشىپ، بەدەنگە نىسبەتەن شىپالىق تەسىرىنى بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئادەتتە كۈنگەي تەرەپكە قارىتىپ سېلىنغان ئۆي- ئىمارەتلەر قۇياش نۇرىنىڭ ئۆي ئىچىگە تولۇق چۈشۈشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، ساپ ھاۋا بىلەن ئۆينى تەمىنلەش ۋە دىمىق، زەي بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، شۇ ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە نىسبەتەن ئاكتىپ تەسىرىنى بېرىدۇ.

**2. ياغاچ ۋە سېغىز كېسەكتە ئۆي سېلىش ئادىتى:** ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئادىتى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان رايوننىڭ ئىقلىمى ۋە جۇغراپىيەلىك شەرت- شارائىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان مەدەنىيەت ئىزنالىرىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، تەكلىماكان بويلىرىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلاردا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياغاچ ۋە سېغىز كېسەكتىن ياسالغان ئۆيلەردە ياشاپ كەلگەنلىكىنى



بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياغاچ ۋە سېغىز كېسەكتە سېلىنغان ئۆيلىرى ھازىرمۇ ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇلار ياغاچ ۋە سېغىزدىن پايدىلىنىپ ئۆي بەرپا قىلىپ، ئۆز تۇرمۇشىنى قامداپ كەلگەن. ئادەتتە ئۆي سالغاندا، سېغىز كېسەك بىلەن ئۆينىڭ تۆت ئەتراپى (تام قىسمى) قوپۇرۇلسا، ئۈستى قىسمى، تۈۋرۈك، رام، ئىشىك قىسىملىرىغا ياغاچ ئىشلىتىپ ئۆي بەرپا قىلىنىدۇ. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك نەزەرىيەسى بويىچە ئېيتقاندا، ياغاچ، سېغىز (تۇپراق)نىڭ تەبىئىتىنى قۇرۇق سوغۇق دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆي سالغاندا، ياغاچ ۋە سېغىز ئۆزىنىڭ قۇرۇق سوغۇق كەيپىياتى ئارقىلىق ئۆي ئىچىدىكى ئارتۇق ھۆللۈكنى ئۆزىگە سۈمۈرۈپ ئۇنى قۇرۇتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆي ئىچىدىكى سوغۇقلۇق، نەملىك، زەيكەشلىك ھالەت يوقىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق شۇ ئۆيدە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ نەملىك، زەيكەشلىك تەسىرىدىن پەيدا بولىدىغان كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۆي ئادەم يېتىپ قوپىدىغان ۋە ئارام ئالىدىغان ئاساسلىق سورۇن بولغاچقا، بۇنداق سورۇندا ھەر ۋاقىت ئۇششاق جاراسىم، قەشەپ، ۋىرۇس مەۋجۇت بولىدۇ. بۇلار ئاساسەن ھۆللۈك مۇھىتتا ئۆسۈپ كۆپىيىدىغان بولغاچقا، ئۆي ئىچىدىكى نەملىك، زەيكەشلىك ھالەت يوقىتىلسا، ئۇلارنىڭ ياشاش مۇھىتى بۇزۇلىدۇ-دە، نەتىجىدە ئۆسۈپ كۆپىيەلمەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇششاق جاراسىملارنىڭ كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە بولغان زىيىنىنى ئازايتقىلى، ئۇلارنىڭ كېسەل پەيدا قىلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئۆيلەر سەل ئېگىزرەك قىلىپ سېلىنىدىغان بولغاچقا، بۇ خىل ئۆي سالقىن، ھاۋالىق، ئىللىق بولۇپ، بۇنداق ئۆيلەردە تۇرغاندا تۈرلۈك نەپەس ئەزالىرى كېسەللىكلىرى، ھۆللۈكتىن پەيدا بولىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتىنى ئازايتقىلى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆينىڭ تورۇس، تۈۋرۈك قىسىملىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ياغاچلارغا تۈرلۈك گۈللۈك نەقىشلەر ئويۇلۇپ تەبىئىي مەنزىرە ھاسىل قىلىنىدىغان بولغاچقا، بۇ خىل نەقىشلىك تەبىئىي مەنزىرىلەر شۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتقان كىشىلەرگە مەنىۋى زوق ئاتا قىلىپ، ئۇلارنىڭ كەيپىياتىدا خۇشاللىق پەيدا قىلىپ، سالامەتلىكىگە نىسبەتەن پايدىلىق تەسىرنى بېرىدۇ.

**3. ئۆيگە تۈگلۈك قويۇش ئادىتى:** ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆي-ئىمارەتلىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلار بىر قىسىم ئۆيلىرىگە تۈگلۈك قويۇۋالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى تۈگلۈكنى دېرىزە قويۇلمىغان ئۆيلەرگە، بولۇپمۇ قىش پەسلىدە تۇرىدىغان ئۆيلىرىگە ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش، ئۆينى يورۇتۇش ئۈچۈن قويۇپ، ئۇنىڭدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ كەلگەن. ئادەتتە تۈگلۈك ئۆينىڭ ئۆگزىسىدىن قويۇلىدىغان بولۇپ، ئۇ شۇ ئۆينىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە ئاساسەن مۇۋاپىق چوڭلۇقتا چەمبەرسىمان ياكى چاسا شەكىلدە قويۇلىدۇ. تۈگلۈك ئۆينىڭ ھاۋاسىنى تەڭشەيدىغان مۇھىم يول بولۇپ، قۇياش تىك ئۆرلىگەن ۋاقىتتا، تۈگلۈكتىن قۇياش نۇرى، ساپ ھاۋا كىرىدىغان بولغاچقا، ئۇ ئارقىلىق ئۆينىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش، تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەش، ئۆي ئىچىدىكى ئارتۇق ھۆللۈكنى يوقىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك نەپەس يولى كېسەللىكلىرى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ۋە ھۆللۈكتىن بولىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەجدادلىرىمىز ئۆينى ئىسسىتىشتا ئۆي ئىچىدىكى ئوچاققا ئوت قالىغان، ئاخشاملىرى ئۆينى يورۇتۇش ئۈچۈن چىراغ ياندۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كەلگەن. بۇلاردىن كۆپلىگەن ئىس ـ تۈتەك، گاز پەيدا بولىدۇ، بۇ ئىس-تۈتەك، كېرەكسىز گازلارمۇ تۈڭلۈك ئارقىلىق چىقىرىۋېتىلىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدىمۇ ئىس-تۈتەك، كېرەكسىز گازلار يۇقىرى ئۆرلەيدىغان بولغاچقا، تۈڭلۈك يۇقىرىغا ئۆرلىگەن گازلارنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىمالال ئۆينىڭ سىرتىغا چىقىرىپ، ئۆي هاۋاسىنى ساپلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تۈڭلۈك بەك چوڭ قويۇلمايدىغان بولغاچقا، ئۇ ئارقىلىق قىش پەسلىدىكى سوغۇقلۇقنىڭ ئۆي ئىچىگە كىرىۋېلىشىدىن ساقلانغىلى، ئۆي ئىچىدىكىلەرگە سوغۇق ئۆتۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**4. ئۆي ئىچىگە كاڭ سېلىش ئادىتى:** ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي ئىچىگە كاڭ سېلىش ئادىتى هاۋا كىلىماتى بىر قەدەر سوغۇق بولغان رايونلاردا ياشايدىغانلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇ ئادەتتە قىش كۈنى ئىسسىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى سېلىشتا ئالدى بىلەن ئۆينىڭ تۆر تەرىپىگە بىر سۇپا ياسىلىدۇ، سۇپا ئۈستىگە خام كېسەك بىلەن تۈتۈن چىقىرىش يولى ياسىلىدۇ، بىر بۇلۇڭىغا مورا چىقىرىلىدۇ، ئاندىن تۈتۈن يولىنىڭ ئۈستىگە سېغىز كېسەك (15 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا، يېرىم مېتىر كەڭلىكتە تۆت چاسا قىلىپ، سامانلىق سېغىز لاي بىلەن ياسالغان كېسەك) يېيىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستى سېغىز لاي بىلەن تەكشى سۇۋىلىدۇ. ئوچاققا قالانغان ئوتتىن تۈتۈن يولى ئارقىلىق ئۈستىگە يېيىلغان سېغىز كېسەك قىزىپ، ئۆينى ئىسسىتىدۇ، كاڭنى ئىسسىتىش ئۈچۈن ئوچاق سېلىنىدۇ. كاڭ ئۈستىگە كىگىز ياكى گىلەم سېلىنىپ، ئۈستىدە ئولتۇرسا ياكى ياتسا بولىدۇ. ئادەتتە كاڭغا ئوت قالىغاندا كاڭ ئۈستى قىزىيدىغان، ئوت ئۆچسىمۇ ئۇزاققىچە سوۋۇپ قالمايدىغان بولغاچقا، بەدەنگە ئىسسىق ئۆتۈپ، سوغۇقتىن بولغان بەل ئاغرىقى، بوغۇم ئاغرىقى، سوغۇق يەلدىن بولغان تۈرلۈك كېسەللىكلەر، قول-پۇت ئىسسىماسلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە داۋالاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

**5. ئۆيگە رام (دېرىزە) قويۇش ئادىتى:** ئۆي-ئىمارەت سېلىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تۈڭلۈك قويۇش رام قويۇشقا ئۆزگەرگەن بولۇپ، هازىر كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشقان. رام ئۆينىڭ هاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش، تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەش، ئۆينى يورۇتۇش رولىنى ئۆتەيدىغان بولغاچقا، بۇ ئارقىلىق شۇ ئۆينىڭ هاۋاسىنى ئالماشتۇرۇپ، مۇھىتنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ-دە، ئۆيدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆي مۇھىتى بۇلغىنىشتىن پەيدا بولىدىغان كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

**6. ئۆينىڭ تاملىرىغا تەكچە چىقىرىش ئادىتى:** تەكچە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئولتۇراق ئۆي بېزەكچىلىكلىرىدىكى تىپىك شەكىللەرنىڭ بىرى هېسابلىنىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر خەلقى ئۆي سالغاندا ئۆينىڭ تاملىرىغا بىر قانچە تەكچە ياساپ، بىر قىسىم ئۆيلىرىنىڭ تەكچىلىرىگە قاچا-قۇچا، مىس بۇيۇملار، زىننەت بۇيۇملىرىنى تىزسا، يەنە بىر قىسىم ئۆيلىرىنىڭ تەكچىلىرىگە قىشلىق قوغۇن، تاۋۇز، كاۋا قاتارلىقلارنى تىزىپ ساقلاشقا ئادەتلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر قىسىم ئۆيلىرىنىڭ تەكچىلىرىگە قاچا-قۇچا، مىس بۇيۇملار، زىننەت بۇيۇملىرىنى تىزىپ، ئۆينى بېزەپ، شۇ ئۆيدە ئىللىقلىق ۋە رەڭدار مۇھىت شەكىللەندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ كەيپىياتىدا خۇشاللىق هالەت پەيدا قىلىپ، روھىي ئوزۇققا ئېرىشىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلسا، يەنە بىر قىسىم ئۆيلىرىنىڭ تەكچىلىرىگە مېۋە-چېۋىلەرنى تىزىپ، ئۇنى ئىستېمال قىلىپ، ئۆزىنىڭ مىزاجىنى تەڭشەپ،



تۆرلۈك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغان.

**7. ئۆي ئىچىگە مورىلىق ئوچاق سېلىش ئادىتى:**
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆي ئىچىگە مورىلىق ئوچاق سېلىش ئا-
دىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئۆي سالغاندا
ئۆي ئىچىگە ئۆينى ئىسسىتىش، تاماق تەييارلاپ ئىستېمال
قىلىش مەقسىتىدە مورىلىق ئوچاق سېلىپ تۇرمۇش ئېھتى-
ياجىنى قامداپ كەلگەن. تارىختا نەزەر سالىدىغان
بولساق، نىيە خارابىسىدىن بايقالغان قەدىمكى ئۆيلەردىمۇ
مورىلىق ئوچاق تېپىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر خەلقى
ئارىسىدا ئۆي ئىچىگە مورىلىق ئوچاق سېلىش ئادىتىنىڭ
بۇرۇندىنلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئا-
دەتتە مورىلىق ئوچاق كۆپىنچە جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇر-
لىرىنىڭ ئۆيلىرىدە سېلىنىدۇ. ئۇنى سېلىشتا ئالدى بىلەن
ئۆينىڭ تور تېمىغا مورا چىقىرىلىدۇ، مورىنىڭ پەس تەرىپى
كەڭرەك ئېلىنىپ، ئۇ يەرگە تونۇر شەكلىدە ئوچاق سېلى-
نىدۇ، ئوچاققا ئوتۇن قالىنىدۇ. تاماققا تۇتۇش قىلماستىن
بۇرۇن، ئوچاققا لايىق نان خېمىرى يۇغۇرۇلىدۇ. تاماق
هازىرلىقى تۈگىگەندە، قازان ئېسىلىپ ئوت قالىنىدۇ.
ئوچاق ئالدىغا ئۆرە مىس چۆگۈن قويۇپ چاي قاينىتىلى-
دۇ. تاماق پىشقۇچە ئوچاق قىزىپ تەييار بولىدۇ. قازاننى
چۈشۈرۈپ ئوچاققا تۇز سېپىلىپ نان يېقىلىدۇ، تاماقنى
يەپ بولغۇچە نان پىشىدۇ. مورا ئوچاقنىڭ ئالدى تەرىپى
بىر يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتە نېپىز كېسەك بىلەن مېھراب
شەكلىدە قاپارتمىلىق قىلىپ ياسىلىدۇ. بۇ مورا بېشى دەپ
ئاتىلىدۇ. مورا بېشىنىڭ ئۈستىگە جىنچىراغ (سۇ يېغى ئىشـ-
لىتىلىدىغان چىراغ) قويۇلىدۇ. دېمەك، ئەجدادلىرىمىز
مورا ئوچاقتىن پايدىلىنىپ، ئۆينى ئىسسىتىپ، سوغۇقتىن
مۇداپىئە كۆرۈش، ئاش-نان تەييارلارپ قورسىقنى تويـ-
غۇزۇش، چاي قاينىتىپ ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش
قاتارلىق مەقسەتلەرگە يېتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ساغلاملى-
قىنى ئاسراپ كەلگەن.

**8. ئۆينىڭ تام تورۇسلىرىغا گۈللۈك نەقشلەرنى ئويۇش ئادىتى:** ئۇيغۇر خەلقى ئىسلامىيەتتىن ئاۋۋال
ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە مول تەسەۋۋۇرىغا تايـ-
نىپ «مىڭئۆي» تام رەسىملىرى قاتارلىق بۇددىزملىق
تەسۋىر سەنئىتىنى ياراتقان بولسا، ئىسلامىيەتتىن كېيىن،
ئىسلام ئامىللىرىنىڭ تەسىرىدە مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگى-
رىش ياساپ، ئۆزىگە خاس بولغان نەقاشلىق سەنئىتىنى
ياراتقان. نەققاشلىق سەنئىتى هازىرغا قەدەر ئۇيغۇر ئۆيلە-
رىگە كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۆي
بەرپا قىلغاندا، ئۆينىڭ تام تورۇسلىرىغا، رام، ئىشىك ئەتـ-
راپلىرىغا ۋە باشقا كۆرۈنەرلىك جايلىرىغا هەر خىل شەكلى-
دىكى گۈللۈك نەقشلەرنى ئويۇپ ئۆينى كۆركەملەشتۈر-
گەن. ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان
ئۆيلىرىنى نەققاشلار بىلەن بېزەشتەك ئالاھىدىلىكىنى ئۆ-
زىدە مۇجەسسەملىگەچكە، بۇ خىل گۈللۈك نەقشلەر
ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېيىتىپ، تۇرمۇشنى ئەپچىللىككە
ۋە گۈزەللىككە ئىگە قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ نەپىسلى-
كى بىلەن كىشىنى روھىي مەغرۇرلۇققا ئىگە قىلىدۇ. ئا-
دەتتىكى ئەھۋالدىمۇ ئۆينىڭ هەر خىل نەققاشلار بىلەن
بېزىلىشى كىشىلەردە ياخشى كەيپىيات پەيدا قىلىدىغان
بولغاچقا، ياخشى كەيپىيات تەسىرىدە ئىنسان بەدىنىدىكى
روھ مەركەزلىرىنىڭ خىزمەت پائالىيەتلىرى كۈچىيىپ،
پۈتۈن بەدەنگە ئۆزگىچە هاياتلىق بېغىشلاپ، بەدەننىڭ
ئىممۇنىتېت كۈچى ئېشىپ، بەدەننىڭ ساغلاملىقىغا كاپالەت-
لىك قىلغىلى بولىدۇ.

**9. هويلا-ئارامlاردا گۈل-گىياھ ۋە مېۋىلىك دەرەخ يېتىشتۈرۈش ئادىتى:** ئۇيغۇر خەلقى ئەزەلدىن
تارتىپ هويلا-ئاراملىرىغا گۈل-گىياھ ۋە مېۋىلىك دەرەخ
يېتىشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېيىتىش بىلەن بىرگە
تۇرمۇشنى گۈزەللىككە ئىگە قىلىپ كەلگەن، بولۇپمۇ
هويلا ئىچىگە گۈل-گىياھ ئۆستۈرۈپ، گۈزەللىككە
بولغان تەلپۈنۈشنى نامايان قىلسا، هويلا-ئارام ئەتراپىغا
مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىپ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداپ
كەلگەن. هويلا ئىچىگە گۈل ئۆستۈرۈشكە كەلسەك،
ئۇيغۇر خەلقى گۈلنى خۇشاللىق، بەخت-سائادەت ۋە نازا-
كەتنىڭ سىمۋولى دەپ قاراپ ئۇنى بەكمۇ ئۇلۇغلايدۇ.
شۇڭا كۆپىنچە ئائىلىدە مەيلى يەرگە بولسۇن ياكى تەش-
تەكلەرگە بولسۇن هەر خىل گۈللەرنى تېرىپ ئۆستۈرىدۇ.
ئادەتتە هويلىدا گۈل ئۆستۈرۈش شۇ هويلىنى رەڭدارلىققا
ئىگە قىلغاندىن باشقا، يەنە شۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتقان كىشىگە
خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، هويلا-ئارامدا
ئۆستۈرۈلگەن گۈللەر كاربون تۆت ئوكسىدنى سۈمۈرۈ-
ۋېلىپ، ساپ ئوكسىگېن چىقىرىپ، هويلىنىڭ مۇهىتىنى
ساپلاشتۇرۇش تەسىرىنى بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق روھىي جە-
هەتتىن بولىدىغان ۋە مۇهىت بۇلغىنىشتىن يۈز بېرىدىغان



بىر قىسىم كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەجدادلىرىمىز سەھەر تۇرۇپ، گۈللەرگە سۇ قۇيغاچ گۈللەرگە قاراپ، كۆزىنىڭ بېسىمى يەڭگىللىتىپ، تۈرلۈك كۆز كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ كەلگەن. هويلا-ئارام ئەتراپىغا مېۋىلىك دەرەخلەرنى سېلىشقا كەلسەك، ئۇيغۇر خەلقى ئەزەلدىن تارتىپ كۆچەت تىكىپ مۇھىتنى كۆكەرتىشكە ئېتىبار بېرىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار هويلا-ئارامنى كۆكەرتىشنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە هويلا ئەتراپىدىكى جايلارغا، يۇرت-مەھەللىلەرگە كۆچەت سېلىشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، ئۇلار هويلا-ئارام ئەتراپىغا دەرەخ تىككەندە مېۋىسىز، تىكەنلىك، چاتقاللىق دەرەخلەرنى تىكمەستىن، بەلكى مېۋە بېرىدىغان دەرەخلەرنى تىكىپ، هويلا-ئارامنى گۈزەللەشتۈرۈش، مۇھىتنى ساپلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يەتكەن، شۇنداقلا بۇ خىل دەرەخلەرنىڭ مېۋىسىنى ئىستېمال قىلىپ، تۈرلۈك كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە كۆرۈپ كەلگەن. ئادەتتە هويلا-ئارام ئەتراپىغا مېۋىلىك دەرەخلەردىن كۆپىنچە ئۆرۈك، ئالما، ئەنجۈر، شاپتۇل، نەشپۈت، ئۈجمە، ئالۇچا... قاتارلىقلار تىكىلىدىغان بولۇپ، بۇ خىل مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىككەندە، ئۇلار بىر تەرەپتىن هاۋادىكى چاڭ-توزان، كېرەكسىز گازلارنى سۈمۈرۈۋېلىپ، مۇھىتنى ساپلاشتۇرۇش تەسىرىنى بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق شۇ هويلا-ئارامغا ۋە هويلا-ئارامدىكى كىشىلەرگە ساپ، پاكىز مۇھىت ئاتا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ساغلاملىقىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر خەلقى دەرەخلەرنىڭ مېۋىسىنىڭ شىپالىق تەسىرىنى پىششىق بىلىدىغان بولغاچقا، هويلا-ئارام ئەتراپىغا مېۋىسىنىڭ پايدىلىق تەسىرى كۆپرەك بولغان دەرەخلەرنى تىكىپ، بەدىنىدە بىرەر كېسەللىك يۈز بەرگەندە شۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى ئىستېمال قىلىپ، ئۆز مىزاجىنى تەڭشەپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش مەقسىتىگە يەتكەن.

**10. هويلا ئالدىغا باراڭ سېلىش ئادىتى:** ئۇيغۇر خەلقى هويلا-ئارام بەرپا قىلغاندا، هويلا-ئاراملىرىنى كەڭرەك ياساپ، ئۇنىڭ مۇھىتىنى ساپلاشتۇرۇش، هاۋالىق سورۇن هاسىل قىلىش، ياز پەسلىدە سايىداش مەقسىتىدە ئۆي تەرەپكە قارىتىپ باراڭ ياساش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۈزۈم تېلى يېتىشتۈرۈش ياكى قاپاق، كاۋا تېرىپ باراڭ هاسىل قىلغان. باراڭنىڭ ئارقا تەرىپىگە كۆكتات تېرىپ ئۇنىڭدىنمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلانغان، ئۇيغۇر خەلقى بىر تەرەپتىن، باراڭدىن هاسىل قىلغان

دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەردىن پايدىلىنىپ مۇھىتنى ساپلاشتۇرۇش، سايىداش مەقسىتىگە يەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ شىپالىق تەسىرىدىن پايدىلىنىپ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغان. مەسىلەن، ئۈزۈم تېلىدىن باراڭ ياساش ئادىتىگە كەلسەك، ئادەتتە ئۈزۈم ھۆل ھەم قۇرۇتۇپ ئىستېمال قىلىشقا بولىدىغان شىپالىق مېۋە بولۇپ، ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق تولۇقلاش، قاننى جانلاندۇرۇش، بەدەننى سەمرىتىش، تېرىنى سىلىقلاشتۇرۇش، نېرۋىنى قۇۋۋەتلەش قاتارلىق تەسىرى بار بولغاچقا، خەلقىمىز ئۈزۈم بارىڭى ھاسىل قىلىپ، ئۈزۈمنى ئىستېمال قىلىپ، ئۇنۇتقاقلىق، كەم قانلىق، نېرۋا ئاجىزلىقى، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغان. قاپاق بارىڭى ياساشقا كەلسەك، خەلق ئارىسىدا «قاپاق بار ھويلىدا چۈشىن بولمايدۇ»، «يىلدا بىر قېتىم قاپاق ئېشى ئىچمەك كېرەك» دېگەندەك ھېكمەتلەرمۇ كەڭ تارقالغان بولۇپ، راستىنلا قاپاق باراقسان بولغان ھويلىدا يازلىقتا چۈشىن بولمايدۇ، بۇمۇ قاپاق ئۆسۈملۈكىدىن تارقالغان ھىدنىڭ چۈشىنلەرنىڭ ياشاش ئادىتىنى چەكلىمىگە ئۇچراتقانلىقىدىن بولىدۇ. خەلقىمىز ئادەتتە خام قاپاقنى توغراپ، قاپاق ئېشى ئېتىپ ئىچىشكە ئادەتلەنگەن بولۇپ، بۇ خىل ئاش تۆرلۈك ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە ئەڭ ئۈنۈملۈك شىپا بولىدۇ. كاۋا بارىڭى ياساشقا كەلسەك، كاۋا ئۆزىنىڭ شىپالىق تەسىرى بىلەن تۆرلۈك كېسەللىكلەرنى داۋالاش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن، كاۋىنى پىشۇرۇپ ياكى تاماققا سېلىپ ئىستېمال قىلسا، قەۋزىيەت، قەنت سىيىش كېسەللىكى، سېمىزلىك، قان مېيى يۇقىرىلاش قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش تەسىرىنى بېرىدۇ. بۇمۇ خەلقىمىزنىڭ كاۋا بارىڭى ھاسىل قىلىشتىكى ئاساسلىق مەقسىتىدۇر.

**11. سەھەردە ھويلا-ئارامنى سۈپۈرۈش ئادىتى:** ئۇيغۇر خەلقى ئەزەلدىن ھويلا-ئارامنى ناھايىتى پاكىز تۇتۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇيغۇر ئائىللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىدە سەھەر تۇرۇپ ھويلا-ئارامنى پاكىز تازىلاپ سۇ سېپىش، ئاندىن باشقا ئىشقا كىرىشىش ئېسىل ئەخلاقنىڭ بىرى سۈپىتىدە تونۇلۇپ كەلگەن. ئادەتتە سەھەرنىڭ ھاۋاسى ناھايىتى ساپ بولغاچقا، ھويلا-ئارامنى سەھەر تۇرۇپ تازىلىغاندا، ھويلا-ئارامنىڭ پاكىزلىقىنى ساقلاپ قالغىلى بولغاندىن باشقا، ھويلا-ئارامنىڭ مۇھىتىنى ساپلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ، بۇ ئارقىلىق شۇ ئۆيدە ياشاۋاتقان كىشىلەرنى پاكىز مۇھىتقا ئېرىشتۈرۈپ، ساغلاملىقنى ساقلىغىلى بولىدۇ.

**12. ئۆي ئىچى ۋە ھويلا-ئارامغا ئىسرىق سېلىش ئادىتى:** ئۆي ئىچى ۋە ھويلا-ئارامغا ئىسرىق سېلىش ئادىتى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئېتىقادىدىن قېپقالغان مەدەنىيەت شەكلى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز ۋاقتى-قەرەلدە ئۆي ۋە ھويلا-ئاراملىرىغا سېرىق چېچەك، ئادراسمان، جىگدە تەمچى، يول تەمچى قاتارلىقلارنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىسنى ئۆينىڭ ۋە ھويلا-ئارامنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە يەتكۈزۈپ ئىسرىق سېلىشنى ئادەت قىلىپ كەلگەن. ئادەتتە سېرىق چېچەك، ئادراسمان، جىگدە ياغىچى قاتارلىقلارنىڭ يۇقۇملىنىشقا قارشى تۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش تەسىرى بولغاچقا، بۇلارنى كۆيدۈرۈپ، ئىسنى ئۆينىڭ ۋە ھويلا-ئارامنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە يەتكۈزۈپ ئىسرىق سالغاندا، ئۆي ئىچىدىكى ۋە مۇھىتتىكى كېسەللىك مىكروبلىرىنى يوقىتىپ، مۇھىتنى ساپلاشتۇرۇپ، شۇ ئۆيدە ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىس - تۈتەكتىن ئۆي ۋە ھويلا-ئاراملاردىكى بىر قىسىم ھاشاراتلار قاچىدىغان بولغاچقا، بۇ ئارقىلىق ھاشاراتلارنى يوقاتقىلى ۋە ھاشاراتلارنىڭ شۇ ئۆيدىكى كىشىلەرگە بولغان زىيىنىنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

قىسقىسى، خەلقىمىز ئۆي-ئىمارەت ۋە ھويلا-ئارام سېلىش ئادەتلىرىگە ئۆزگىچە بولغان تېبابەتچىلىك، ساقلىقنى ساقلاش قاراشلىرى سىڭدۈرۈلگەن. خەلقىمىز ئۆي-ئىمارەت ۋە ھويلا-ئارام بەرپا قىلىشتا، ئۇنى ئەتراپلىق، پۇختا، ئۆزىگە پايدىلىق بولغان تەرەپتە لايىھەلەپ، ئۇنىڭدىن تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا پايدىلانغاندىن سىرت، يەنە ئۆزىنىڭ ساغلاملىقىنى ئاسراش، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كېسەل داۋالاش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ پايدىلىنىپ كەلگەن.


پايدىلانملار:

1. ئابدۇكېرىم راخمان قاتارلىقلار «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى. 2004-يىل 8-ئاي 1-نەشرى.

2. ئېزىز يۇسۇپ قاتارلىقلار «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 2006-يىل 4-ئاي 2-نەشرى.



بۇ ماقالە شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ 2010-يىللىق 1-سانىدىن ئېلىندى.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلىدا)

www.uyghurkitap.com

# مىڭ تىللاغا ئەرزان بىر ئېغىز ھېكمەتلىك سۆز



يەمەن شەھىرىنىڭ بىر پادىشاھى بولۇپ، ئۇنىڭ بىر ئوغلى بار ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى پادىشاھ شىكارغا چىقماقچى بوپتۇ ۋە چەۋەندازلىرى بىلەن بىرگە بىر باياۋاندا شىكار قىپتۇ. پادىشاھ ئۆزى يالغۇز بىر كېيىكنى قوغلاپ ئۇزاپ كېتىپ قاپتۇ-دە، بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قاپتۇ. شۇ ئەسنادا قۇم دۆۋىسى ئارىسىدىن بىر توپ قاراقچىلار چىقىپ پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپتۇ.

بىر خەنجەرنى ئۇنىڭ يۈرىكىگە سانجىپ قويۇپ مال-مۈلۈكلەرنى بۇلاپ كېتىپتۇ.

بۇ خەنجەر مىسىر پادىشاھىنىڭ ئوردىسىدىن ئوغرىلانغان خەنجەر بولۇپ، ھېلىقى قاراقچى مىسىر پادىشاھىنىڭ ئوردىسىغا ئوغرىلىققا كىرىپ خەزىنىنى ئوغرىلاپ خەزىنىدىن ئالتۇن-كۈمۈشلەر قاتارىدا ئوغرىلىغان خەنجەر ئىكەن، بىللە چىققانلار پادىشاھنى ئىزدەپ تاپالماي قايتىپتۇ.

شاھزادە 10-20 كۈن ئۆيدە دادىسىنىڭ شىكاردىن قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپتۇ، لېكىن شىكارغا بىللە چىقىپ كەتكەن چەۋەندازلىرى كەپتۇ، دادىسى كەلمەپتۇ. شاھزادە ئۆزىگە بىر قانچە كىشىنى ھەمراھ قىلىپ دادىسى شىكارغا چىققان باياۋانغا كەپتۇ، ئۇيان ئىزدەپ-بۇيان ئىزدەپ ئاخىر قۇم دۆۋىسى ئارىسىغا كېلىپ قاپتۇ.

بىر يەردە دادىسى ئۆلۈك ھالەتتە ياتقان ۋە كۆكسىدە بىر خەنجەر قاداقلىق تۇرغان. شاھزادە دادىسىنىڭ جەسىتى بىلەن بىرگە خەنجەرنى قوشۇپ ئېلىپ كەپتۇ ۋە دادىسىنى يۇيۇپ يەرلىكىگە قويۇپ بولغاندىن كېيىن خەن-

جەرنى ئورددىكى پۈتۈن ۋەزىر-ئۆلىمالارنى يىغىپ ئۇلارغا كۆرسىتىپتۇ. شاھزادە ئورددىكىلەرگە: «دادامنى شىكار قىلىۋاتقان جايدا بىرەرسى دۈشمەنلىك قىلىپ ئۆلتۈرۈپ بولۇپ يۈرىكىگە مۇشۇ خەنجەرنى قاداپ قويۇپ كېتىپتۇ. مەن بۇ خەنجەرنى ئېلىپ كەلدىم، لېكىن دادامنى ئۆلتۈرگەن كىشىنى تاپالمىدىم. ئەھۋالغا قارىغاندا مۇشۇ خەنجەر دادامنى ئۆلتۈرۈپ كەتكەن كىشىنىڭ بولۇشى مۇمكىن. بۇ مەسىلىنى قانداق قىلىمىز؟» دەپ ئولتۇرغانلاردىن سوراپتۇ.

ۋەزىرلەر بۇ ئىش توغرىسىدا ئەقىل كۆرسىتىپ شۇنداق دەپتۇ: «سىز بۇ خەنجەرنى ئۆزىڭىز بىلەن بىرگە تۇتۇپ ھەرقانداق سورۇن، توي-تۆكۈنلەردە ئوتتۇرىغا چىقىپ كىشىلەرگە كۆرسىتىڭ. كىم خەنجەرنى تونۇپ ئېلىپ مېنىڭ دېسە ئاتىڭىزنىڭ قاتىلى شۇ بولىدۇ» دەپتۇ.

شۇ كۈنلەردە يەمەن پادىشاھىنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرى باشقا پادىشاھلىقلارغىمۇ ئاڭلىنىپتۇ.

سۆزنى ئەمدى مىسىر پادىشاھىدىن ئاڭلايلى، مىسىر پادىشاھىنىڭ بىر ئۇستازى بولۇپ پادىشاھ ئۇستازىنى ئوغلىنىڭ توي مەرىكىسىگە چاقىرتىپتۇ. ئۇ كىشى دائىم بېشىغا كولا، پۇتىغا چورۇق كىيىدىكەن. قولىدا بىر ھاسا تۇتۇپ يۈرىدىكەن، ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى ئاياس ئىكەن.

بۇ كىشى مىسىر پادىشاھىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن توي مەرىكىگە قاتنىشىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ.

شۇ كۈنى يەمەن پادىشاھىنىڭ ئوغلىمۇ سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇزاق يول يۈرگەندىن كېيىن ھېلىقى زاھىدنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ كەپتۇ. شاھزادە زاھىد بىلەن خېلى ئۇزاق يول ماڭغاندىن كېيىن زاھىددىن سوراپتۇ: «ئى ئاتا، يول ئۇزاق، مەنزىل يىراق، بۇنداق مېڭىۋەرسەك ئىچىمىز پۇشۇپ قالمىسۇن، بىرەر ئېغىز سۆزلەرمۇ يوقمۇ؟ بىرەر ئېغىز ھېكمەتلىك سۆز بولسىمۇ سۆزلەپ بەرسىلە» دەپتۇ.

زاھىد: «ئى بالام، مېنىڭ بىر ئېغىز سۆزۈم 1000 تىللاغا باراۋەر» دەپتۇ.

شاھزادە يانچۇقىدىن 1000 تىللانى چىقىرىپ زاھىدقا بېرىپتۇ. زاھىد 1000 تىللا ئۈچۈن: «بالام يولدا ماڭغان ھەمراھىڭىزنىڭ ئېتىنى سوراۋېلىڭ» دەپ جاۋاب بېرىپ سۆزنى تۈگىتىپتۇ. لېكىن شاھزادە بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرۇپ زاھىدنىڭ ئىسمىنى سورىماپتۇ. يەنە بىرئاز يول ماڭغاندىن كېيىن شاھزادە: «تەقسىر، يەنە سۆزلىرى بولسا دەپ بەرمەملا؟ تىللا بەرسەم دېگەنلىرى ئاشۇ بىر ئېغىز سۆزمۇ؟» دەپتۇ. زاھىد: «ئوغلۇم، مەن باشتا دېدىم، مېنىڭ بىر ئېغىز سۆزۈم 1000 تىللاغا باراۋەر» دەپتۇ.

شاھزادە يەنە 1000 تىللانى چىقىرىپ زاھىدقا بېرىپتۇ. زاھىد 1000 تىللانى يانچۇقىغا سېلىپ بولغاندىن كېيىن: «بالام، ئولتۇرغان ئورنىڭىزنى ھەرگىز كىشىگە ئۆتۈنۈپ بەرمەڭ» دەپ سۆزنى توختىتىپتۇ.

يەنە ئىككەيلەن جىمجىت مېڭىۋېرىپتۇ.

بىر ھازا يول يۈرگەندىن كېيىن شاھزادىنىڭ يەنە ئىچى سىقىلىپ: «تەقسىر، يەنە ھېكمەتلىك سۆزدىن بىرنى دېمەملا» دەپتۇ. زاھىد يەنە: «ئوغلۇم، مەن باشتىلا بىر ئېغىز سۆزۈم 1000 تىللا دېدىم» دەپتۇ. شاھزادە بۇ قېتىم يانچۇقىدىن 1000 تىللانى چىقىرىپ زاھىدقا بېرىپتۇ.

زاھىد يەنە: «ئوغلۇم، سىزدىن ھەرقانداق سورۇندا ئۈچ قېتىم پىچاق سورىمىغىچە پىچاقنى بەرمەڭ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن زاھىد سۆزنى تامام قىپتۇ، ھەر ئىككەيلەن جىمجىت ھالدا يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

شاھزادە بىرئاز ئويلىنىپ: «بۇ زاھىد پىيادىكەن، مەن بولسام ئاتلىق، بۇنىڭ بىلەن بىللە مېڭىپ ئۈچ ئېغىز گەپكە 3000 تىللانى بەردىم. شەھەرگە بارغۇچە بىللە ماڭسام خورجۇندىكى تىللانىڭ بىرسىمۇ قالمايدىغان ئوخشايدۇ. بۇ كىشى مۇشۇنداق مېڭىۋەرسۇن، مەن ئايرىلىپ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىۋېرەي» دەپ ئېتىنى بىر قامچا سېلىپ زاھىدنىڭ ئالدىغا كىرىپ يۈرۈپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ ئۇستازىنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن كىشىلەرنى كۈتۈشكە قويغانىكەن ھەم: «كىم ئۇستازىمنىڭ كېلىۋاتقان خەۋىرىنى ماڭا بالدۇر يەتكۈزسە 10 مىڭ تىللا سۆيۈنچە بېرىمەن» دەپ جاكارلىغانىكەن.

بۇ جاكارنى ئاڭلىغان نۇرغۇن كىشىلەر يول-يولغا بۆلۈنۈپ ئاياسنى كۈتۈپ تۇرۇشۇپتۇ.

يولدا كۈتۈپ تۇرغانلاردىن بىرى شاھزادىدىن: «سىزگە يولدا ئاياس ئىسىملىك بىر ئادەم ئۇچرىدىمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. «ياق، ماڭا ئاياس ئىسىملىك ئادەم ئۇچرىمىدى، لېكىن قولىدا ھاسا تۇتقان، كولا كىيگەن بىر ئادەم ئارقامدىن كېلىۋاتىدۇ» دەپتۇ. شۇ ئەسنادا جاڭگالدىن بىر ئوتۇنچى ئوتۇن ئېلىپ كېلىۋاتقانىكەن، ئوتۇنچى ئاياسنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ كەپتۇ ۋە سالام بېرىپ:

www.uyghurkitap.com



«ئاتا، ئىسىم-شەرىپلىرى نىمە؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى: «ئىسمىم ئاياس» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، ئوتۇنچى ئاياسنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ ۋە بىر هازادىن كېيىن شەهەرگە كىرىپ كەپتۇ.

پادىشاهنىڭ قويغان ئادەملىرى ئوتۇنچىدىن: «يولدا ئالدىڭىزغا بىر ئادەم ئۇچرىدىمۇ؟» دەپ سوراپتۇ.

ئوتۇنچى: «ئۇچرىدى» دەپتۇ. «ئېتى نېمە ئىكەن؟» دەپ سوراپتۇ پادىشاهنىڭ كۈتۈش ئۈچۈن قويغان خەۋەرچىلىرى. «ئېتى ئاياس ئىكەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوتۇنچى. بۇ خەۋەر دەرهال پادىشاهقا يېتىپتۇ. پادىشاه ئوتۇنچىنى چاقىرىپ 10 مىڭ تىللا سۆيۈنچە بېرىپتۇ. بۇ ئوتۇنچى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە باي بولۇپ ئوتۇنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ كېتىپتۇ. پادىشاه دەرهال ئۇستازىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئوبدان كۈتۈۋاپتۇ، ئاندىن تون-تەلپەك كيگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن توي-مەرىكە بولۇۋاتقان ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ.

ئەمدى سۆزنى يەمەن پادىشاهنىڭ شاهزادىسىدىن ئاڭلايلى: شاهزادە ئېتىنىڭ قۇيرۇقىنى تۈگۈپ پادىشاهنىڭ ئوغلىنىڭ توي مەرىكىسى بارلىقىنى ئاڭلاپ، مەن بۇ شەهەرگە مۇساپىر بولساممۇ بىر بېرىپ كېلەي، دەپ توي بولۇۋاتقان پادىشاهنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ كەپتۇ.

شاهزادىنى توي مەرىكىگە كەلگەنلەرنى كۈتىدىغان ئۆيگە باشلاپتۇ، شاهزادە هەممىدىن بۇرۇن كەلگىنى ئۈچۈن ئۆينىڭ تۆرىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ئارقا-ئارقىدىن ئۆيگە ئادەم كىرىپ كەپتۇ. كەلگەنلەرنىڭ هەممىسى بىر-بىرىدىن قېلىشمىغۇدەك سۆلەتۋاز شاهزادىلەر ئىكەن. شاهزادە بۇ كىرگەن شاهزادىلەرنى هۆرمەت قىلىپ ئولتۇرغان ئورۇنغا تەكلىپ قىلىپ ئورۇن بوشىتىپ بېرىۋېتىپ ئاخىر هەممە ئادەمنىڭ ئاياغ تەرىپى پەگاغا كېلىپ قاپتۇ، ئۆيگە ئاياس كىرىپ كەپتۇ. بۇ كىشىنى هەممىسى يېشى چوڭ ئادەم دەپ هۆرمەتلەپ يۇقىرىدىن ئورۇن بېرىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن قولغا سۇ بېرىلىپ زىياپەت باشلىنىپ ئۆيگە لېگەندە پولۇ كەلتۈرۈلۈپتۇ.

زىياپەتتە پولۇنىڭ ئۈستىدىكى گۆشنى توغراش ئۈچۈن پىچاق لازىم بولۇپ قېلىپ سورۇندىكىلەر پىچاق بارمۇ؟ دەپ سورىغۇچە شاهزادە يېنىدىكى پىچاقنى ئېلىپ داستىخانغا قويۇپتۇ.

سورۇنغا ئاش قويۇۋاتقان مىسىر پادىشاهنىڭ بىر ۋەزىرى داستىخاندىكى پىچاقنى كۆرۈپ پىچاقنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن بىر هىيلە ئويدۇرۇپ چىقىپتۇ. ئاشنى يەپ بولغاندىن كېيىن ۋەزىر سورۇندىكى ئولتۇرغانلارغا قاراپ تۇرۇپ پىچاقنى قولغا ئېلىۋېلىپ پادىشاهنى چاقىرتىپ: «ئى پادىشاهى ئالەم، سىزنىڭ ئاتىڭىزغا مەن 14 يىل ۋەزىر بولغانىدىم، بۇ پىچاق ئاتىڭىزنىڭ ئوردىسىدىن نۇرغۇن ئالتۇن بىلەن يىتىپ كەتكەن پىچاق ئىدى، ئوغرى خەزىنىچىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن ئېلىپ كەتكەن. بۇنى سۈرۈشتۈرۈپ تاپقۇچە ئاتىڭىز ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ چاغدا سىز كىچىك ئىدىڭىز. مەن بۇنى سۈرۈشتۈرۈپ تاپالماي يۈرگەنىدىم. بۈگۈن پىچاق قولۇمغا چۈشتى، پىچاقنىڭ ئىگىسى خەزىنىنى ئوغرىلىغان ئوغرى ئۆزى شۇ» دەپتۇ. بۇ ئەهۋالنى سورۇندا ئولتۇرغان ئاياس ئاڭلاپ جىم ئولتۇرۇپ ئەهۋالنىڭ يالغانلىقىنى ۋە بۇ ئەهۋالنى كېيىن بىر تەرەپ قىلىش تەدبىرلىرىنى ئويلاپتۇ.

مىسىر پادىشاهى بولسا غەزىپى ئۆرلەپ دەرغەزەپ بىلەن: «دادامنىڭ خەزىنىسىنى ئوغرىلىغان، بۇ پىچاقنىڭ ئىگىسىنى تۇتۇپ زىندانغا تاشلاڭلار! ئەته بۇنى خەلقئالەمگە ئىبرەت قىلىپ دارغا ئاسىمىز» دەپتۇ.

شاهزادىنى باغلاپ تاماقمۇ بەرمەي ۋە بىر ئېغىز سۆزىنىمۇ ئاڭلىماي بىر ئۆيگە سولاپ قويۇپتۇ.

پادىشاهنىڭ بۇ پەرمانىنى ئاڭلىغان ئاياس ئۆز-ئۆزىگە سوئال قويۇپ «بۇ يىگىت ئاق كۆڭۈل، ساددا يىگىتتەك تۇرىدۇ. بولمىسا مەن بىلەن يولدا ئۇچرىشىپ ئۈچ ئېغىز گېپىمگە 3000 تىللا بېرىپ ئۈچ ئېغىز هېكمەتلىك سۆزۈمنى ئاڭلاپ تۇرۇپ سۆزۈمگە ئەمەل قىلمىدى، شۇڭا هازىر بىگۇناه ئۆلۈمگە كېتىپ بارىدۇ. بۇ 3000 تىللانى مەن هارام ئالسام بولماس، بۇنىڭ بەدىلىگە مەن چارە تېپىپ بۇ يىگىتنى قۇتۇلدۇرمىسام بولماس» دېگەن ئويغا كەپتۇ.

توي مەرىكىسى ئاياغلىشىپتۇ. كەچ كىرىپتۇ. ئاياس تالاغا چىقىپ شاهزادىنى سولىغان قايسى ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ شاهزادە سولاقلىق ئۆينى تېپىپتۇ.

پادىشاه ئاياسنى ئۆز ئوردىسىدا قونۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ، ئاياس قونۇشقا قايىل بولماي پادىشاهقا: «مەن بۈگۈن ئوردىدا قونماي، ماڭا خالىيراق ئۆيدىن

بىرنى بەرسىڭىز، مەن شۇ يەردە قونسام» دەپتۇ.

پادىشاھ ماقۇل كۆرۈپ ئۇستازى قايسى ئورۇندا قونسا شۇ ئۆينى ھازىرلاپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ.

ئاياس شاھزادىنى سولاپ قويغان ئۆي بىلەن تۇتاش بىر ئۆينى تاللاپ: «شۇ يەرنى ھازىرلاپ بېرىڭلار» دەپ ئۆتۈنۈپتۇ. پادىشاھ ئۆيگە بىسات سالدۇرۇپ ھەممە نەرسىنى تەق قىلىپ بېرىپتۇ.

ئاياس ئۆيگە كىرىپ ئوت قالاپ ئۆينى راسا ئىسسىتىپ ئولتۇرغانىكەن، ئاياسقا تائام تەييارلاپ ئۇنىڭ ئولتۇرغان ئۆيگە ئېلىپ كىرىپتۇ. تائام ئېلىپ كىرگۈچىلەر تائامنى ئاياسنىڭ ئالدىغا قويۇپ چىقىپ كەتكىچە يوغان بىر مۈشۈك ئىشىكتىن ئۆيگە كىرىپتۇ. ئاياس ئاستا ئىشىكنى يېپىپ مۈشۈكنى تۇتۇۋاپتۇ. تاماقنى يەپ بولۇپ مۈشۈكنى قولىغا ئېلىپ شاھزادە سولاقلىق ئۆينىڭ تېمىغا يېقىن كېلىپ تامنى مۇشتلاپتۇ.

تامنى مۇشتلاشتىكى مەقسەت شاھزادە ئۇخلاپ قالدىمۇ ياكى ئويغاقمۇ؟ ئەگەر ئۇخلاپ قالغان بولسا دەرھال ئويغىنىپ تام تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇرىدۇ، دەپ مۇشتلىغانىكەن. شاھزادە ياتقان ئۆي ناھايىتى سوغۇق بولۇپ شاھزادە بەك توڭلاپ كېتىپ تام تۈۋىگە يېقىن كېلىپ ئولتۇرغانىكەن، ئاياسنىڭ تامنى مۇشتلىشى بىلەن شاھزادە تام تۈۋىدە قۇلىقىنى ئاۋاز چىققان يەرگە يېقىپ ئولتۇرۇپتۇ.

ئاياس يەنە تامنى مۇشتلاپ تۇرۇپ قولىدىكى مۈشۈكنىڭ قۇلىقىنى چىڭ تولغاپ: «ھەي دىۋەڭ مۈشۈك، ھەي قۇلىقى گەپ ئاڭلىمىغان گالۋاڭ مۈشۈك، مەن يولدا كېلىۋاتسام ئارقامدىن ئاتلىق يېتىپ كەلدىڭ، ھەي مۈشۈك، دىۋەڭ مۈشۈك» دەپ مۈشۈككە ۋارقىراپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان شاھزادە: «ياندىكى ئۆيدە ئادەم بار ئوخشايدۇ» دەپ قۇلىقىنى تامغا يېقىپ تۇرۇپ دىققەت بىلەن ئاڭلاپتۇ. ئاياس يەنە مۈشۈكنىڭ قۇلىقىنى تولغاپ ۋارقىرىتىپ تۇرۇپ: «ھەي مۈشۈك، ماڭا يولدا كېلىۋاتقۇچە زېرىكىپ كەتتىم، گەپ قىلىپ بەر دېدىڭ، ھەي دىۋەڭ مۈشۈك، ئەمدى ئۆلۈمگە كېتىپ بارىسەن، سەندىن 1000 تىللانى ھارام ئالامدىمەن، ھەي مۈشۈك. مەن ساڭا يولدا ماڭغان ھەمراھىڭىزنىڭ ئېتىنى سوراپ ئېلىڭ دېدىمغۇ، ھەي، سەن بۇنى ئاڭلىمىدىڭ، ئەگەر مېنىڭ ئېتىمنى سوراپ ئالغان بولساڭ 10 مىڭ تىللانى سەن ئالاتتىڭ.

ھەي مۈشۈك ئاڭلاۋاتامسەن؟» دېدى. شاھزادە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ: «بۇ گەپ قىلىۋاتقان كىشى يولدا مەن بىلەن ئۇچراشقان كىشىمۇ نېمە؟ نېمىشقا مەن ئۇنىڭ ئېتىنى سورىمىغان بولغىيتتىم. ئېتىنى سورىغان بولسام 10 مىڭ تىللانى ئالار ئىكەنمەن» دەپتۇ. ئاياس يەنە مۈشۈكنى ۋارقىرىتىپ تۇرۇپ: «ھەي گالۋاڭ مۈشۈك، سەن يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن يەنە سۆزلەپ بەرسىلە دېدىڭ. مەن يەنە بىر سۆزنى 1000 تىللاغا ئېيتتىم. ھەي چويۇن قۇلاق مۈشۈك، مەن بۇ سۆزۈمدە ئولتۇرغان ئورنۇڭنى كىشىگە بەرمەڭ دېسەم، سەن بۇ گېپىمگە قۇلاق سالمىدىڭ. ئۈچىنچى قېتىم يەنە ساڭا 1000 تىللا ئۈچۈن پىچاقنى ئۈچ قېتىم سورىمىغىچە كىشىگە بەرمەڭ دېدىم. بۇ گېپىمگە يەنە قۇلاق سالمىدىڭ. شۇنىڭ بىلەن قەلەندەر قالسىمۇ قالسۇن، مەن كېتىۋېرەي دەپ ئېتىڭنى قامچىلاپ ئالدىمدا كەتتىڭ. مانا ئەمدى تۈگمەس بالاغا قېلىپ ئۆلۈمگە لايىق بولۇۋاتىسەن. ھەي چويۇن قۇلاق، گەپ ئاڭلىمايدىغان گالۋاڭ مۈشۈك. ئەمدى سېنىڭ 3000 تىللا پۇلۇڭغا مەن سېنى قۇتۇلدۇرماي، ساڭا بىر چارە ئىزلىمەي ھارام يېسەم بولامدۇ مۈشۈك. شۇڭا مەن سېنىڭ غېمىڭنى يەپ مۇشۇ ئۆيدىن ئورۇن ئالدىم. سەن تاڭ ئاتقاندا دارغا ئېسىلىسەن. ئەمدى مېنىڭ بۇ سۆزۈمنى ئاڭلىمىساڭ ئەتە ناھەق ئۆلىسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ مېنىڭ ئېيتقان سۆزۈمنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇتۇپ ئاخىرقى ئۆمرۈڭنى ساقلاپ قالغىن. ئاڭلىدىڭمۇ؟» دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى شاھزادىدىن ئاڭلايلى:

ئاياس يەنە مۈشۈكنى ۋارقىرىتىپ تۇرۇپ: «ھەي موللا مۈشۈك، ئاخىرقى سۆزۈم شۇكى، سەن ئەتە ئۆلۈم مەيدانىدا دارغا ئېسىلىسەن. سەن ئېسىلىشتىن ئىلگىرى پادىشاھقا داد پادىشاھى ئالەم، مەن بۇ يۇرتقا مۇساپىر، مېنىڭ بىر ئېغىز سۆزۈمنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن دارغا ئېسىلسام مەنمۇ رازى، دېگىن. پادىشاھ ساڭا رۇخسەت قىلىدۇ. سېنىڭ دەيدىغان سۆزۈڭ شۇكى، مەن يەمەن پادىشاھىنىڭ ئوغلىدۇرمەن. بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن دادام شىكارغا چىقىپ كېتىپ شىكاردىن 10 ـ 20 كۈنگىچە كەلمىدى. ۋەزىرلەر بىلەن دادامنى ئىزدەپ شىكار قىلغان جايغا يېتىپ باردۇق. بىر قۇمنىڭ يېنىدا دادامنىڭ ئۆلۈكىنى تاپتىم. ھېلىقى خەنجەر دادامنىڭ كۆكسىگە

www.uyghurkitap.com



قاداقلىق تۇرۇپتۇ. مەن دادامنىڭ جەستى بىلەن خەنجەرنى ئېلىپ كەلدىم. ۋەزىرلەرگە مەسلىھەت سالدىم. ۋەزىرلەر مەسلىھەت كۆرسىتىپ ھەرقانداق سورۇنغا مۇشۇ خەنجەرنى قويسىڭىز ئىگىسى تونۇپ ئالسا ئاتىڭىزنى ئۆلتۈرگەن قاتىل شۇ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىز ئاتىڭىزنىڭ قاتىلىنى تاپالايسىز، دەپ مەسلىھەت بەرگەن ئىدى. مەن ئۇزاق يىللاردىن بېرى چاقىرمىغان توي ـ مەرىكىلەرگە بېرىپ پىچاقنى داستىخاندا قويدۇم، ھېچكىم مېنىڭ دېمىدى. مانا ئەمدى بۈگۈن ئەھۋالنى ئۆزىڭىز كۆردىڭىز. سىز ئادىل پادىشاھ بولسىڭىز مۇشۇنى ئادالەت بىلەن سوراپ قويسىڭىز. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆلۈپ كەتسەممۇ رازى بولىمەن. مۇشۇ ئەرزىمنى ئادالەت بىلەن سورىغايسىز، دەپ ئەرز بايان قىلسەن. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھلىڭ ئەرزىڭنى ئاڭلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. شۇ ۋاقىتتا سەن ئۆلۈمدىن خالاس بولىسەن. بۇ سۆزدىن مۇتلەق يانما ھەم بۇ سۆزنى ئەستىن چىقىرىپ قويما» دەپ سۆزنى تۈگىتىپتۇ.

ئەمدى سۆزنى شاھزادىدىن ئاڭلايلى. شاھزادە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۆزىدىن ئۆتكەن سەۋەنلىكىگە پۇشايمان قىلىپ كېچىسى كۆز يۇمماي تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا شەھەر خەلقى جازا مەيدانىغا توپلىنىپتۇ، شاھزادە باغلاقلىق ھالدا جازا مەيدانىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ. شاھزادە پادىشاھقا قاراپ: «مەن بۇ شەھەرگە مۇساپىرمەن. مەن بولسام يەمەن پادىشاھىنىڭ ئوغلى بولىمەن. بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن ئاتام شىكارغا چىقىپ كېتىپ 10 ـ 20 كۈنگىچە شىكاردىن قايتىپ كەلمىدى. ۋەزىرلەر بىلەن شىكار قىلغان جايغا بېرىپ بىر قۇم دۆۋىسى يېنىدىن ئاتامنىڭ جەستىنى تاپتىم. ئاتامنىڭ ئىككى كۆكسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ھېلىقى خەنجەر قاداقلىق تۇرىدۇ. ئاتامنى قاراقچىلار ئۆلتۈرۈپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئاتامنى دەپنە قىلىپ بولۇپ ۋەزىرلەرگە قاتىلنى تېپىش توغرىسىدا مەسلىھەت سالدىم. ئۇلار ماڭا ھەر بىر سورۇندا پىچاقنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشنى، كىم پىچاقنى مېنىڭ دېسە دادامنىڭ قاتىلى شۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭدىن بېرى مەن چاقىرمىغان سورۇنلارغىمۇ بېرىپ ھەر بىر سورۇندا بۇ خەنجەرنى ئوتتۇرىغا چىقارسام، ھېچكىم مېنىڭ دېمىدى. ۋەھالەنكى بۈگۈنكى كۈندە سىزدەك ئادالەتلىك پادىشاھنىڭ ئالدىدا دادامنىڭ قاتىلىنى تۇتتۇم. سىز ئادالەتنىڭ سۇلتانى بولغان ئىكەنسىز، دادامنىڭ ھەقىقىي قاتىلىنى تېپىپ بەرگەيسىز» دەپ سۆزىنى تۈگىتىپتۇ. پادىشاھ شاھزادىنىڭ ئەرز ـ بايانىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن قاتتىق ئويلانغاندىن كېيىن ئۇستازى ئاياسىنى چاقىرىپ بۇ مەسىلىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنىڭ لازىملىقى توغرۇلۇق مەسلىھەت سوراپتۇ.

ئۇستازى: «يەمەن شەھىرىنىڭ پادىشاھىنىڭ بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن جاڭگالدا دۈشمەن قولىدا ئۆلگەنلىك خەۋىرى ھەممە يەرگە تارقالغان، بۇنى ئاڭلىغان ئىدۇق. بۇ يەمەن پادىشاھىنىڭ ئوغلى بولسا يەمەن شەھىرىگە خەۋەر بېرىپ ئۇ يەردىن ئادەم قىچقىرايلى» دەپتۇ.

پادىشاھ ئۇستازىنىڭ سۆزىگە ماقۇل بولۇپ يەمەن شەھىرىگە بىر بۆلۈم ئادەم ئەۋەتىپتۇ.

يەمەن خەلقىدىن تەكشۈرگەندە پادىشاھنىڭ شىكاردا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، ھېلىقى پىچاقنىڭ پادىشاھنىڭ كۆكسىدە قاداقلىق ئىكەنلىكى راست بولۇپ چىقىپتۇ.

ئەمدى سۆزنى ھېلىقى ئاچ كۆزدىن ئالايلى. بۇ ۋەزىر ئەسلىي قاراقچى بولۇپ، بىر بۆلۈم كىشىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ باياۋاندا يولدىن ئۆتكەنلەرنى بۇلاپ يۈرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەمەن پادىشاھى شىكارغا چىققاندا مانا شۇ قاراقچىلار ئۇچراپ قېلىپ، بۇ قاراقچى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىكەن. بۇ قاداقلىق پىچاقنى مۇشۇ ۋەزىر قاداپ قويغانىكەن. بۇ قاراقچى تاپقان دۇنيالىرىنىڭ بىر بۆلىكىنى مىسىرنىڭ بۇرۇنقى ئۆلۈپ كەتكەن پادىشاھىغا سوۋغا قىلىش يولى بىلەن ئۇنىڭغا ۋەزىر بولغانىكەن. يەنە مۇشۇ سورۇندا پىچاقنى تونۇۋالغانىكەن. شاھزادىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بۆھتان قىلغانىكەن، بۇ ئەھۋالنى سورۇنغا يىغىلغانلارنىڭ ئارىسىدىن بىر مويسىپىت، ئاق كۆڭۈل شاھزادىنىڭ ناھەق ئۆلۈمگە كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ئاشكارىلاپ قويۇپتۇ.

پادىشاھ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن دەرھال شاھزادىگە بۇيرۇلغان ئۆلۈم ھۆكۈمنامىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۆلۈمگە ئاچ كۆز ۋە قارا نىيەت سۇيىقەستچى ۋەزىرنى بۇيرۇپ دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈپ، خەلقئالەمگە ئىبرەت قىلىپ يەمەن پادىشاھىنىڭ ئوغلىنى ئورنىغا قايتۇرۇپ كېلىپ ناماقۇل بولۇپ، ئۆز قېشىدا تۇرۇپ ھېلىقى ئاچ كۆز ۋەزىرنىڭ ئورنىغا ۋەزىر بولۇشنى دەپتۇ.

شاھزادە بولسا پادىشاھقا رەھمەت ئېيتىپ ئۆزىنىڭ يۇرتىغا قايتىپ بېرىپ خۇشال ـ خۇرام ھايات كەچۈرۈپتۇ.

(رەتلىگۈچى: ئوپال مەدەنىيەت پونكىتىدىن مۇھەممەدجان ئابدۇرېھىم)



سەمەت ئەسرا تۇرا

# قومۇل خەلق ناخشا ـ قوشاقلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى ھېكايىلەر

## سارىخان ناخشىسى

رىۋايەت قىلىنىشىچە، سارىخان قومۇل شەھرى تاشۋېلىق يېزىسىنىڭ يالغۇز تۇيۇن دېگەن يېرىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن چىرايلىق، ئىشچان قىز بولۇپ، ئۇنىڭ چىن كۆڭلىدىن سۆيگەن شىر يۈرەك، مەرگەن يىگىتى بار ئىكەن. ئۇلار ئىككىسى يالغۇز تۇيۇن ئەتراپىدىكى ئالتۇن بۇلاق تۇۋىدە دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىكەن. يىگىتنىڭ ئىسمى شادى بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى شادى پالۋان دەپ ئاتايدىكەن. بۇ يىگىت ئۇۋغا ھېرىسمەن ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە سارىخان بىلەن شادى پالۋاننىڭ تويى بېكىتىلىپ، بۇ بەختلىك كۈنلەرنى قۇتلۇقلاشقا ئاز قالغاندا، سارىخان بۇ يۇرتتىن تۇيۇقسىز غايىب بوپتۇ. شادى پالۋان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بېشىدىن بىر چېلەك مۇزدەك سۇ قۇيغاندەك گاڭگىراپ قاپتۇ. ئۇ ئەس ـ ھوشىنى يىغىپ ھەممە جايىنى ئىزدەپمۇ سارىخاننى تاپالماپتۇ. ئۇلارنىڭ ۋەدىسى چىڭ بولغانلىقتىن يىگىت ئۈمىدىنى ئۈزمەي ئۇدا بىر قانچە يىل ئىزدەپتۇ. لېكىن قىزنىڭ ھېچقانداق دېرىكى بولماپتۇ. شۇنداقتىمۇ شادى پالۋان يەنىلا ئەقىدىسىنى يوقاتماي يۈرۈپتۇ. ئۇ سارىخاننى بىر كۈنى ئۆزىنىڭ ئالدىدا ۋىلىققىدە كۈلۈپ پەيدا بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن، ئۇ سارىخاننىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ ـ پىشىپ ھېچ ئىشقا قولى بارمايدىكەن. ئۇ بۇ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىش

www.uyghurkitap.com



ئۈچۈن تاغلار ئارىسىغا كىرىپ ئۇۋۇ ئوۋلاپ يۈرۈپتۇ. ئۇ شىمالغا قاراپ قاتمۇقات تاغلاردىن ئېشىپ بۇغا، جەرەن قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاپ بىر جىلغىدىكى ئورمانلىققا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ جىلغا ئىچىدە بىر تاغ ئۆچكىسىنى ئۇچرىتىپ ئۇنىڭغا ئوق ئۈزۈپتۇ. ئۇ تاغ ئۆچكىسىگە تېگىپ ئۇنى يارىلاندۇرۇپتۇ. شادى پالۋان يارىلانغان تاغ ئۆچكىسىنى قوغلاپ بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلەپتۇ. ئۇ بەكلا ھېرىپ كەتكەچكە بىر تۈپ يوغان تاغ دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ھاردۇق ئاپتۇ. ئۇ دەرەخكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈپ ئۇخلاپ قاپتۇ. چۈشىدە يىراقتىن بىر قىزنىڭ ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. زەن قويۇپ تىڭشىغۇدەك بولسا، بۇ سارىخاننىڭ ئاۋازى بولۇپ، ئۇلار ئۇچراشقاندا دائىم شۇ ناخشىنى ئېيتىدىكەن. شادى پالۋان ئويغىنىپ ئەتراپىغا قارىسا ئادەم يوق. يىراق ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرغىدەك، ئۇ: «ئاللا، بۇ نېمە كارامەت، چۈشۈممۇ، ئوڭۇممۇ بۇ» دەپ، ناخشا ئاۋازى كېلىۋاتقان تەرەپكە مېڭىپتۇ، ئۇ ئورمانلىقتىن چىقىپ بىر ئاسقىلىقتىن① ئۆتۈپ تىك قىياغا تاقىشىپ قاپتۇ، ناخشىمۇ شۇنىڭ بىلەن توختاپتۇ.

شادى پالۋان سارىخاننىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ جايغا كېلىپ قالغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ يېتەلمەپتۇ. ئۇ سارىخاننىڭ زادى نەدە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، ئىككىسى دائىم ئېيتىدىغان ھېلىقى ناخشىنى ئېيتىپتۇ. ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلىغان قارشى تەرەپمۇ بۇ ناخشىنى قايتا تەكرارلاپتۇ. شادى پالۋان «سارىخان !» دەپ ۋارقىرىغىنىچە تىك قىياغا يامىشىپ، ناخشا ئاۋازى چىقىۋاتقان جايغا بىر قەدەم، بىر قەدەم يېقىنلىشىپتۇ. شادى پالۋان ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ئىرادە بىلەن تىك قىيادىن ئۆتۈپ ئەتراپقا قارىسا ھېچنەرسە كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ، ئۇ يەر، بۇ يەرنى ئىزدەپ سارىخاننىڭ ئاۋازىنىڭ بىر تاش كەپلەنگەن تاغ ئۆڭكۈرىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى بايقاپتۇ. ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ سارىخاننىڭ ئىسمىنى تالاي قېتىم تاۋلاپتۇ. ئۆڭكۈر ئىچىدىكى سارىخانمۇ شادى پالۋاننى چاقىرىپتۇ. ئۇلار مىڭبىر جاپادا تېپىشقاندا رەھىمسىز بىر يوغان تاش ئۇلارنى كۆرۈشتۈرگىلى قويماپتۇ. بىراق ئۇلار بىر-بىرىنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئارزۇلىرىدىن ۋاز كەچمەپتۇ. بىردىنلا سارىخان يىغلاپ تۇرۇپ: «شادى، تېز كېتىڭ. ئۇ كېلىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى، ئۇ بەك يامان، سىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ» دەپ ۋارقىراپتۇ. شادى پالۋان ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي: «سىزنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ سولاپ قويغان كىم» دەپ سورىغاندا، سارىخان: «ئۇ شۇنداق يوغان ئادەم ئېيىقى» دەپتۇ. «ئەسلىي سىزنى شۇ ئەبلەخ ئېلىپ قاچقان ئىكەن ـ دە» دەپتۇ شادى پالۋان. قىز: «شۇنداق، مەن تاغ باغرىدا قويلارنى ھەيدەپ كېلىۋاتسام، ئۇ ماڭا تۇيۇقسىز ئېتىلىپ كېلىپ، مېنى مۈرىسىگە ئارتقىنىچە ئىككى كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ مۇشۇ قاراڭغۇ كامىرغا ئېلىپ كېلىپ سولاپ قويدى. نەچچە قېتىم قاچقان بولسام مۇ تۇتۇلۇپ قالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مۇشۇ يوغان تاشنى غار ئاغزىغا كەپلەپ قويۇپ سىرتقا چىقىدىغان بولۇپ قالدى. يېمىكى تۈگەپ قېلىپ يېمەك ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن. ھەرقاچان كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. تېز كېتىڭ، بولمىسا تۈگىشىسىز» دەپتۇ. شادى پالۋاننىڭ سۆيگەن يارىنى تاشلاپ كېتىشكە قانداقمۇ كۆڭلى ئۇنىسۇن، ئۇ ھەرقانچە كۈچىگەن بولسىمۇ تاشنى مىدىرلىتالماپتۇ. شادى پالۋان ئەمدىكى بىردىنبىر چارە يۇرتقا قايتىپ بېرىپ ئادەم باشلاپ كېلىپ قۇتقۇزۇش دېگەن ئويغا كېلىپ، سارىخانغا بىر مۇنچە تەسەللى گەپلەرنى قىلىپ، كۆڭلى يېرىم بولۇپ كۆزى قىيمىغان ھالدا يالغۇز تۈيۈنغا يول ئاپتۇ. ئۇ ھېرىش-چارچاش دېگەننى ئۇنتۇپ يول يۈرۈپ يۇرتقا كېلىپ، يەتتە-سەككىز دوستىنى باشلاپ، كەلگەن يېرى بىلەن ھېلىقى جىلغا ئەتراپىغا بېرىپ، ئۆزى چىققان تىك قىيانى ئىزدەپ تاپالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شادى پالۋان بىر ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ سارىخان ئىككىسى دائىم ئېيتىدىغان ناخشىنى ئېيتىپتۇ:

قارىسام كۆزۈم يەتمەس،
تاغنىڭ ئارقىدا يۇرتۇم.
ئەجەبمۇ يامان كەلدى،
سارىخان سېنىڭ ئوتۇڭ.
ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن، سارىخان،
ئەقدەمگە يىغلايمەن.

بىردىنلا يىراق جايدىن سارىخاننىڭ ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ:

قۇرغۇيۇم ئۇچتى قولۇمدىن،
قارا غولنىڭ بېغىغا.
ئىزدىسەم ئۇندەككە كەلمەس،
كەتتى جەننەت بېغىغا.
ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن، شادىخان،
ئەقدەمگە يىغلايمەن.

يارنىڭ ئۆيى بەك يىراق،
باراي دەيمەن پاتىراق.
قاراڭغۇدا يول يۈرسەم،
نەدە باردۇر نۇر چىراغ.

ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن، سارىخان،
ئەقىدەمگە يىغلايمەن.
گەپ بارەي، نېمە گەپ بار،
شەرنى سورىدا ئامەن دەپ بار.

دەپ يىغلاپ تۇرۇپ ناخشا ئېيتىپتۇ. يىگىتلەر دەرھال قىيا تەرەپكە مېڭىپ غارنىڭ ئاغزىغا يېتىپ چىقىپ كەپلەكلىك تاشنى بىر ئامال قىلىپ ئىرغىتىپ غارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپتۇ. غارنىڭ ئىچىدىن چاچلىرى پاخپايغان، ئالدىغا خام تېرە تارتىلغان جىندەك بىر مەخلۇق چىقىپ كەپتۇ. شادى پالۋان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى داڭ قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. شۇنداقتىمۇ شادى پالۋان بىلەن سارىخاننىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ بىر - بىرىنى تونۇپ قۇچاقلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇلار سارىخاننى ئېلىپ مېڭىشقا سارىخان: «ياق بولمايدۇ، ئۇ بەكلا يامان، ئۇنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. بۇ جايدىن تېز كەتمىسەڭلار سىلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ» دەپ ئۇنىماپتۇ. بىراق يىگىتلەر سارىخاننىڭ قارشىلىق قىلغىنىغا قارىماي ئۇنى ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار تاغدىن چۈشۈپ ئىككى ئاش پىشىم ماڭغاندىن كېيىن، غولدىن چىقاي دەپ تۇرۇشىغا ئارقىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان ئادەم ئېيىقى نەرە تارتىپ غالجىرلاشقىنىچە يوغان تاشلارنى تاشلاپ، دەرەخلەرنى يۇلۇپ سۇر - ھەيۋەت بىلەن قوغلاپ كەپتۇ. يىگىتلەر بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىپتۇ. ئەقىللىق شادى پالۋان يىگىتلەرنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، ئۆزى يانى كىرىپ ئادەم ئېيىقىغا قارىتىپ ئېتىپتۇ. يارىلانغان ئادەم ئېيىقى تېخىمۇ غالجىرلىشىپ شادى پالۋانغا ئېتىلىپتۇ، بىراق شادى پالۋان قېچىپ يوغان ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ ئوتتۇرىدىن ئۆتۈپتۇ. ئارقىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان ئادەم ئېيىقمۇ دەل ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ ئارىسىدىن ئۆتمەن دەپ قىسىلىپ قاپتۇ. يىگىتلەر دەل مۇشۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ، پالتا، تاش بىلەن ئۇرۇپ، يانجىپ ئاران دېگەندە ئادەم ئېيىقنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇلار ئامان- ئېسەن يالغۇز تۈپيۈزگە كېلىپ تىرىكچىلىك قىپتۇ. شادى پالۋان بىلەن سارىخانمۇ مۇرات- مەقسىتىگە يېتىپ تىنچ تىرىكچىلىك قىلىشقا باشلاپتۇ.

## توغىچى ناخشىسى

يۈسۈپ ۋاڭ دەۋرىدە مەگەشتۇرلۇق بىر كىشىنىڭ چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن. كۆنلەرنىڭ بىر كۈنى ۋاڭ شىكارغا چىقىپ قايتاشىدا ئەتراپىدا بۇ قىزنى ئۇچرىتىپ قېلىپ كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ ھەمدە تەيجىلىرىگە بۇ قىزنى ئوردىغا ئېلىپ كىرىپ كېنىزەك قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. بۇ ئىشنى ئوردا خىزمەتكارلىرىدىن بىرى مەگەشتۇرلۇق ھېلىقى كىشىگە مەخپىي دەپ قويۇپتۇ. بۇ كىشى نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ئاخىر كۆڭلىگە بىر ئەقىل كىرىپ، قىزىنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ ئوغۇل باللاردەك ياساپ، توغىچىدىكى توغىقانلىرىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. كۆنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ، مەلۇم بىر كۈنى توغىچىدىكى ياشلار بۇ بالىنىڭ يۈرۈش- تۇرۇشىدىن گۇمانلىنىپ، بۇ بالىنىڭ ئەسلىي قىز بالا ئىكەنلىكىنى بىلىپ قاپتۇ. بىر كۈنى بۇ قىز يەنە بىر بالا بىلەن قاپاقلىرىنى كۆتۈرۈپ سۇ ئالغىلى چىققانىكەن، ئېھتىياتسىزلىقتىن تېيىلىپ كېتىپ يەۋاتقان ئالمىلىرى سۇغا چۈشۈپ قاپاقلىرى لايغا پېتىپ قاپتۇ. بۇنى كۆزىتىپ تۇرغان ياشلار كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ، بۇ قىز ئادىتى بويىچە ھەر كۈنى چۈش مەھەلدە سۇ ئالغىلى چىقىدىكەن. ياشلار ئارىسىدىكى ناخشا- سازغا ماھىر بىر يىگىت قولىغا غېجەكنى ئېلىپ:

توغىچە شەرلەر ئىچىدە،
يوق ئىكەن سەندەك جامال.
چوڭ- كىچىكنى كۆيدۈرۈپ،
شەيدايى قىلغان سەن جامال.

تۈنۈگۈن چۈش مەھەلدە،
ئىككى خېنىم چىقتى سۇغا.
قاپاقلىرى لايغا پېتىپ،
ئالمىلىرى ئاقتى سۇدا.

دەپ ناخشا ئېيتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن توغىچى ناخشىسى كېلىپ چىققانىكەن.

## توختاشخان ناخشىلىرىدىن

توختاشخان قومۇلنىڭ شارلار تېغىدا ئۆمۈر بويى ناخشا- قوشاق ئېيتىپ ئۆتكەن ئۇستا ھېيىز، قوشاقچى ئايال ئىكەن. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ۋاڭ ئوردىسىدىن ساناقچى بەگلەر شارلار تاغلىرىغا ساناققا چىقىپتۇ. ئۇلار تاراتىنىڭ بېشىدىكى غوجۇرتىنى ساناق جايى قىلىپ بەلگىلەپتۇ. توختاش-

www.uyghurkitap.com



خاننىڭ ئېرى سەۋرەڭ يايلىقىدا قوي بېقىپ شۇ جايدا تۇرد-
ىكەن. بىر كۈنى ساناق قىلىۋاتقان ئوردا بايلىرىدىن بىرى
توختاشخانغا چاقچاق قىلىپ مۇنۇ نەزمىنى ئېيتىپتۇ:

يارىم سېنى بىر سۆيۈپ،
نەكۈن بولسا كۆرگۈلۈك.
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق،
هامان بىر كۈن ئۆلگۈلۈك.

توختاشخان بۇ نەزمىنى ئاڭلاپ جاۋابەن تۆۋەندە-
كى نەزمىنى توقۇپتۇ:

مېنىڭ يارىم كېلىدۇ،
سەرۋەڭنىڭ بېشى بىلەن.
يەنە ئېلىپ سوقىدۇ،
غۇجۇرتىنىڭ تېشى بىلەن.

خامۇشخان نەزمىلىرىدىن شاھ مەخسۇت ۋاڭ دەۋرد-
ە ئوردىدا كاتتا هېيت مەرىكىسى بوپتۇ. قارادۆۋىدىن خا-
مۇشخان ئاتلىق بىر هېيىز موماينىمۇ تەكلىپ قىلىپ ناخشا
ئېيتقۇزۇپتۇ. خامۇشخان موما هازىر جاۋاب، ئەقىللىق،
چاقچاقچى ئىكەن. شاھ مەخسۇت ۋاڭ بۇ مومايىنىڭ ئېيتقان
ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ هەيران قاپتۇ ۋە يېنىدىكى تەيجىلىرد-
ىن بىرىگە: «بۇ مومايىنى ياشارتىۋېلىشقا بولسا بىر ياشارتى-
ۋالغان بولساق، نېمىدېگەن ياخشى بولار ئىدى - ھە»
دەپ چاقچاق قىلغان ئىكەن، بۇ گەپنى موماي ئاڭلاپ
قاپتۇ ۋە دەرھال پەدىنى يۆتكەپ مۇنداق نەزمە ئېيتىپتۇ:

ۋاڭ غوجام كۈندۈزنى كېچە دېسە،
يۇلتۇز چىقىپتۇ دەڭلار.
ۋاڭ غوجام تاسقارنى شۇڭقار دېسە،
توشقان ئەپتۇ دەڭلار.
ۋاڭ غوجامنىڭ ماڭا نەزەرى چۈشكەن بولسا،
مەن ياشارماي كىم ياشارسۇن دەڭلار.

شاھ مەخسۇت ۋاڭ بۇ نەزمىنى ئاڭلاپ ناھايىتى
خۇشال بولۇپ كېتىپ، مومايغا ناھايىتى كۆپ ئىنئام بېرىپتۇ.

## گۈل شېخىدا ئايىسخان ناخشىسى

ئايىسخان بايدا ناخشا ئېيتىپ يۈرۈپ بايغا ئۆيىنىغلى
بارغان ئاراتۈرۈك توخۇلۇدىكى خوجامبەردى مىرابنى ئۆ-
زىگە رام قىلىۋاپتۇ. خوجامبەردى مىراب ئايىسخانغا ئاتاپ
مەخسۇس ناخشا ئېيتىپ ئايىسخاننى ئۆزىگە رازىلىق بې-
رىشكە كۆندۈرۈپتۇ. كېيىن بۇ ناخشا قومۇل مۇقاملىرىغا
«گۈل شېخىدا ئايىسخان» دېگەن نام بىلەن قوشۇلىدۇ.
بۇ ناخشىنىڭ تېكىستى مۇنداق:

باغقا كىردىم كېچىلەپ،
ئايىسخاننى يېتىلەپ.
ئايىسخان ئارقىدا قالدى،
يول تاپالماي تەمتىرەپ.

ئايىسخان كېتىپ بارار،
ئۇڭ قولىدا گۈللىرى.
ئايىسخان توختىسىلا،
بىزگە بارمۇ كۆڭۈللىرى.

يارىمنىڭ ئېتى ئايسە،
خىيالىمدىن چىقمايسەن.
سېنىڭ بىر خىيالىڭ بار،
مەندىن ئايرىلاي دەمسەن.

باغچىلاررەي- باغچىلار،
گۈللەر ئېچىلغان باغچىلار.
ئايىسخان ئاڭلاپ تۇرۇڭ،
سىزلەرگە ئېيتقان ناخشىلار.

## باپتا كۆڭلەكلىك جۇۋان ناخشىسى

شاھ مەخسۇت ۋاڭ دەۋرىدە ئاق تاش توشلۇق بىر
گۈزەل قىزنى ئوردىغا تاللاپ ۋاڭنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىرد-
گە نىكاھلاپ قويغانىكەن. شۇ چاغدا بەش شەھەر، ئون
ئىككى تاغدىن داڭلىق ئەلنەغمىچىلەرنى توشوغا ئالدۇرۇپ
كېلىپ كاتتا مەشرەپ سورۇنى ئۇيۇشتۇرغان ئىكەن. مەش-
رەپتە ئاراتۈرۈك نوملۇق داڭلىق ئەلنەغمىچى خېدىسخان
قولىغا داپنى ئېلىپ تۇرۇپ ناخشىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ
ئېيتقان. دەل قىزنىڭ يۈزىنى ئاچىدىغان چاغدا خېدىسخان
موما بۇ قىزنىڭ گۈزەل هۆسن - جامالىنى كۆرۈپ هەيران
قاپتۇ. خېدىسخان موماي بۇ قىزنىڭ چىرايىدىن كۈلكە
يېغىپ تۇرغان ئالتۇندەك قىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ پۈتكۈل
جامائەتكە تۆۋەندىكى ناخشىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ:

تاغدا بىر گۈل بار ئىكەن،
ئالتۇن باهالىق گۈل ئىكەن.
تۇگمىسى ئېچىلمىغان،
غوجامغا لايىق گۈل ئىكەن.

شاھ مەخسۇت ۋاڭ بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ ناھايىتى
خۇش بولۇپ، خېدىسخاننى بىر ياقىلىق ئېسىل تون بىلەن
تارتۇقلىغان ئىكەن.

(ئاپتور: قومۇل ۋىلايەتلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت
مىراسلىرىنى قوغداش مەركىزىدە)



# «تۆگىتاش راۋابى» رىۋايىتى

ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى ناخشىچىلارنىڭ
بىر مەشھۇر پىرى بولغانىكەن. كىشىلەر ئۇنى پىرچەڭ-
گى دەپ ئاتايدىكەن، پىرچەڭگى ساز چېلىپ ناخشا
ئېيتقاندا ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغان جىمى ئادەملەر
شاد - خۇراملىققا چۆمۈلىدىكەن. پىرچەڭگى ناخشا
ئېيتىپ نەغمە قىلىپ ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىنى شاد ئەتكەن-
لىكى ئۈچۈن تەڭرى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر
بەخش ئېتىپتۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە پىرچەڭگى لوقمان-
دىنمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنىكەن. پىرچەڭگى تېخىمۇ
كۆپ كىشىلەرنى شاد - خۇرام قىلىپ بۇ دۇنيانىڭ
تەشۋىش ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلىرىدىن بىردەم بولسىمۇ
خالاس قىلىش ئۈچۈن بىپايان دەشت دالالىرىنى ئايلى-
نىپ كىشىلەرگە نەغمە قىلىپ بېرىشنى نىيەت قىپتۇ
ھەمدە ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان راۋابىنى بېق-
نىغا قىستۇرۇپ تۆگىسىگە مىنىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇ
يولبويى جىمى جانلىقلارغا شاد - خۇراملىق ئاتا قىلىپ
مېڭىپتۇ، ئەمما بۇنىڭ ھەرىكىتى گۆردىكى ئۆلۈكلەرنى
قىيناپ كۆڭلىنى شاد ئېتىدىغان ئازاب پەرىشتىلىرىنىڭ
غەزىپىنى قوزغاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەڭرىگە ئۆزد-
نىڭ داد - پەريادىنى ئېيتىپ پىرچەڭگىنىڭ جېنىنى ئال-
مىسا ئۆزلىرىنىڭ تەڭرى دەرگاھىدىن ئايرىلىشقا
مەجبۇر بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىشىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن
تەڭرى پىرچەڭگىنىڭ جېنىنى ئالماقچى بوپتۇ.

بۇ دەل پىرچەڭگى قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن ھالقىپ
ئۆتۈپ، تاغ بىلەن بوستانلىق ۋادىلار ئەتراپىدىكى شېغىل
سايلىقتا كېتىۋاتقان پەيت ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن پىرچەڭگى
بۇ جايدا تۆگىسىنى چۆكتۈرۈپ راۋابىنى تۆگىسىنىڭ يېنىغا
قويۇپ، ئارام ئېلىۋېتىپلا تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىپتۇ. تۆگە-
سى شۇ جايدىلا تاشقا ئايلىنىپ قاپتۇ، راۋاب، تۆگە لوكا
ئارىلىقىغا يۆلەنگەن پېتى قېتىپ قاپتۇ. ھازىر كېرىيە ناھە-
يەسىنىڭ ئارىش يېزىسى ئۇستىدىكى يەتتە دۆڭ كەنتىگە
بارىدىغان سايلىقتىكى تۆگىسىمان تاش ئەنە شۇ پىرچەڭ-
گىنىڭ تۆگىسى ئىكەن.

شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۆزلىرىنى شاد- خۇرام قىلغان
بۇ كىشىنى شۇ جايدا دەپنە قىپتۇ. ئۇنىڭ تاشقا ئايلانغان
تۆگىسى ئەسىردىن- ئەسىرگە مۇشۇ سايلىقتا تۇرۇپتۇ، كى-
شىلەر ئۇنى «تۆگىتاش»، ئۇنىڭ قېشىدا تۇرغان راۋابىنى
«تۆگىتاش راۋابى» دەپ ئاتاپتۇ ۋە بۇ ھەيۋەت چوڭ را-
ۋابنى نۇرغۇن قاڭقا ۋە يارىيار ھارۋىلارغا ئارتىپ مەھەل-
لىگە ئەكەپتۇ ھەم يۇرت گۆھىرى سۈپىتىدە ئەۋلادتىن-
ئەۋلادقىچە قەدىرلەپ ساقلاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئارىش يېزىسىدىن **ئەيسا ئىمىن**

توپلىغۇچى: كېرىيە ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن: **ئارزۇ-گۈل ئەيسا**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# چياۋ ئامبالنڭ ئمتهان مەيدانى تەسس قلشى

بۇرۇن پاك ـ ديانەتلك، تۇرمۇشتا ئاددي ـ سادا، يۇرۇش ـ تۇرۇشى سالاپەتلك، گەپ ـ سۆزلرى مۇلايم چياۋ فاملللك بر ئامبال ئۆتكەنكەن. بر كۇنى چياۋ ئامبال مەسلهەتچى ئۇستازنى كۇتۇپخانسغا چاقرىپ، خەزنە ئالتۇن ـ كۇمۇشلرى تزىملكنى چقرىپ:

ــ تۇنۇگۇن كېچە خەزىنىدىكى نەرسلەر ئوغرىلانپتۇ، سز بىرىپ تەكشۇرۇپ قانچلك نەرسنڭ يوقالغانلقنى ئېنقلاپ باقسڭز، ــ دەپتۇ.

مەسلهەتچى ئۇستاز چىقىپ كېتىپ، بىر هازا تەكشۇرگەندىن كېيىن قايتىپ كرىپتۇ ـ دە، ئەهۋالنى مەلۇم قلىپ:

ــ نەرسلەرنڭ هەممسى ئۆز جايىدا تۇرۇپتۇ، پەقەت ئىككى تزىق كۇمۇش يامبۇ بىلەن ئۇچ تال زىخچە ئالتۇنغىلا سوغۇق قول تېگىپتۇ، ــ دەپتۇ.

چياۋ ئامبال مەسلهەتچى ئۇستازغا تازا سەپسلۇېتىپ:

ــ راستىنلا شۇنداقمۇ؟ ــ دەپ سوراپتىكەن، ئۇ:

ــ شۇنداق! ــ دەپ جاۋاب بىرىپتۇ.

چياۋ ئامبال شۇ هامان يايىلارغا بۇيرۇق چۇشۇرۇپ:

ــ ميهماننى ئېلىپ كرىڭلار، ــ دەپتۇ.

يايىلار ئۇزاق ئۆتمەي بر يىگتنى باشلاپ كرىپتۇ، چياۋ ئامبال يىگتنى مەسلهەتچى ئۇستازغا كۆرستىپ تۇرۇپ:

ــ هازىردىن باشلاپ سىز مەنسەپتىن قالدۇرۇلدىڭز، بۇ يىگتنى ئورنىڭزغا مەسلهەتچى ئۇستازلىققا تەيىنلىدىم، ــ دەپتۇ.

قاتتىق ساراسمگە چۇشكەن مەسلهەتچى ئۇستاز هېلقى يىگتكە تازا ئىنچىكلك بىلەن سەپسلىپ قاراپ، ئۇنڭ كيىملرىنڭ جۇل ـ جۇل بولۇپ كەتكەنلىكنى، پۇتىغا كيگەن قوڭالتاق ئايغىنڭ كونىراپ، بارماقلرىنڭ يرتىقلار ئارىسىدىن چىقىپ تۇرغانلقنى كۆرۇپتۇ ـ دە، هېچنېمنى ئاڭقرالمىغاندەك:

ــ بۇ ئادەم كىم بولىدۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ئۇ دەل خەزىنىگە كىرىپ ئوغرىلىق قىلغان ئوغرى بولىدۇ، ــ دەپ جاۋاب بىرىپتۇ چياۋ ئامبال.

ــ نېمە؟ نېمە؟! ــ دەپتۇ ئۆزىنى بىردىنلا قارا بۇلۇتلار ئارىسىدا قالغاندەك هېس قىلغان مەسلهەتچى ئۇستاز ئىختىيارسىز هالدا: ــ ئالىيلرى، نېمشقا... نېمشقا مېنى مەنسەپتىن قا... قالدۇرۇپ، ئو... ئورنۇمغا بۇنىڭدەك بىر ئوغرىنى تەيىنلەيلا؟

چياۋ ئامبال ئۇزۇن شالاڭ ساقاللرىنى سىيلىغان پېتى سالماق ئاۋاز بىلەن:

— بۇ ئىشتىن ئەجەبلىنىۋاتامسىز؟ بولىدۇ ئاڭلاڭ، مەن سىزگە مۇنداق بىر ۋەقەنى ئېيتىپ بېرەي، — دەپ سۆزىنى باشلاپتۇ.

تۆنۈگۈن قاش قارايغان چاغدا چياۋ ئامبال مەھكىمىدىن قايتىپ كېتىۋېتىپ، يول ئۈستىدە بىر يىگىتنى ئۇچرىتىپتۇ. ئالدىغا بېرىپ پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭ قەيەرگە كېتىۋاتقانلىقىنى سوراپتۇ. ئۇ ئايىسىزلانغىنىدىن يۈزى قىزىرىپ كەتكەن بۇ يىگىت ئۆزىنىڭ بىر كەمبەغەل تالىپ ئىكەنلىكىنى، ئىككى كۈندىن بېرى بىر تال گىياھ چاغلىق بىر نەرسىنى ئاغزىغا سالمىغانلىقىنى، پۇل-مېلى بارلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ بىرەر نەرسە ئوغرىلاپ قورسىقىنى توقلاش خىيالىغا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان چياۋ ئامبال تولىمۇ غەلىتىلىك ھېس قىلىپتۇ. ئالەمدىكى ئوغرىلار ئىچىدىن كىممۇ بۇ ئوغرىدەك ئوغرىلىق قىلماقچى بولغانلىقىنى بىراۋ ئالدىدا سەممىيلىك بىلەن ئىقرار قىلىدۇ دەيسىز؟ چياۋ ئامبال سىناش نەزەرى بىلەن ھېلىقى يىگىتكە:

— مەنمۇ سىزگە ئوخشاش ئۆي-ماكانسىز بىر نامرات ساياقمەن، خالىسىڭىز سىزنى ئۆزۈم بىلىدىغان بىر جايغا باشلاپ باراي، سىز بىر نەرسە ئوغرىلاپ چىقالىسىڭىز ئىككىمىز تەڭ بۆلۈشسەك قانداق؟ — دەپتۇ. يىگىت دەرھال قوشۇلۇپتۇ.

بۇ ۋاقىت جاھان تازا قاراڭغۇلاشقان چاغ ئىكەن. چياۋ ئامبال يىگىتنى ناھىيە ياموُلىنىڭ ئارقىسىدىكى قورۇغا باشلاپ بېرىپتۇ. قورۇغا قاراۋاتقان ئادەمنى بىر نېمە دەپ كەتكۈزۈۋەتكەندىن كېيىن، ھېلىقى يىگىت قېشىغا كېلىپ، ئۇنى خەزىنە ئىچىگە كىرىپ ئوغرىلىق قىلىشقا ئۈندەپتۇ. يىگىت تامدىن ئارتىلىپ قورۇ ئىچىگە چۈشۈپ، خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئىككى تىزنىق كۈمۈش تەڭگىنى ئوغرىلاپ قايتىپ چىقىپتۇ ۋە بىرىنى ئۆزىگە قالدۇرۇپ يەنە بىرىنى چياۋ ئامبالغا ئۇزىتىپتۇ.

— خەزىنىدە ئاران مۇشۇنچىلىك بىر نەرسە بارمىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ چياۋ ئامبال. يىگىت دەرھال جاۋاب بېرىپ:

— خەزىنە ئىچىدىكى چوڭ-كىچىك ساندۇق ھەم ئىشكاپلارنىڭ ھەممىسىگە ئالتۇن-كۈمۈش ۋە باشقا نەرسە-كېرەكلەر قاچىلانغانىكەن. مەن پەقەت بىر كىچىك قۇتىنىلا ئاچتىم، ئىچىدە ئىككى دانە كۈمۈش تەڭگە بىلەن ئۈچ تال زىنخچە ئالتۇن بارلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن ئاشۇ ئىككى كۈمۈش تەڭگىنىلا ئېلىپ قايتىپ چىقتىم. مەن باي بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاچ قورسىقىمنى توقلاش ئۈچۈنلا ئوغرىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئادەممەن. شۇڭا مۇشۇنچىلىكلا نەرسىنى ئالدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. چياۋ ئامبال ئۇنىڭ بىلەن كۈمۈش تەڭگىلەرنى بۆلۈشكەندىن كېيىن، دەرھال خەزىنىگە كىرىپ تەكشۈرۈپ بېقىپ، ئەھۋالنىڭ ھەقىقەتەن يىگىتنىڭ ئېيتقانلىرى بىلەن ئوپمۇئوخشاش ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ...

ئامبالنىڭ بايانلىرى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇنى ئاڭلاۋاتقان ئوردا ئۇستازىنىڭ قورقىنىدىن پۇت-قوللىرىدا جان قالماي چېكىسىدىن پۇرقىراپ تەر ئاققىلى تۇرۇپتۇ. ئەسلىدە ئۇ ھېلىگەر، ئاچكۆز بىر خىيانەتچى ئىكەن، خەزىنە ئوغرىلانغاندىن كېيىن چياۋ ئامبال بۇ مەسلىھەتچى ئۇستازنى ئۇ يەرگە بېرىپ تەپسىلىي تەكشۈرۈشكە بۇيرۇغاندا، ئۇ بەكمۇ خۇشال بولۇپ، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سۇنى لېيتىپ، بېلىق تۇتۇپ باي بولۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ھېساباتنى ئوغرىنىڭ نامىغا توغرىلىغانىكەن.

خەزىنە ئىچىگە كىرىشى بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ خۇشاللىقى قايغۇ بىلەن ئالمىشىپتۇ. چوڭ-كىچىك ساندۇق، ئىشكاپلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ پېچەتى بۇزۇلمىغان بولۇپ، ئوغرى پەقەت بىر كىچىك قۇتىنى ئېچىپ، ئىچىدىن ئىككى دانە كۈمۈش تەڭگىنىلا ئېلىپ، قالغان نەرسىلەرگە تەگمىگەن ئىكەن. بۇنى كۆرگەن مەسلىھەتچى ئۇستاز ئاز بولسىمۇ ئۈچ تال زىنخچە ئالتۇننى سوقۇۋېلىش پۇرسىتىنىڭ ئۆز قولىدا ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ، ئۇنى ئېلىۋاپتۇ. ئەپسۇسكى، ئۇ چياۋ ئامبالنىڭ مانا مۇشۇ ئىشنى چۆرىدەپ سىناق مەيدانى تەسىس قىلغانلىقىنى پەقەت خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىكەن.

چياۋ ئامبال قورقىنىدىن ئۆڭسىلى ئۆچكەن ھالدا ئالدىدا تۇرغان ھېلىقى يىگىتكە ۋە يېنىدىكى مەسلىھەتچى ئۇستازغا تىكىلىپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن سوغۇققىنە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەسلىھەتچى ئۇستاز، سۆزلىمەكچى بولغان ھېكايەمنى ئاڭلاپ بولدىڭىزغۇ دەيمەن، قېنى ھۆكۈم قىلىپ بېقىڭچۇ، مەن ئىككىڭلارنىڭ ئىچىدىن زادى قايسىڭلارنى مەسلىھەتچى ئۇستاز مەنسىپىگە مۇناسىپ ئادەم دەپ تالل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



سام بولىدۇ؟ سىزدەك سۇنى لېيىتىپ، بېلىق تۇتۇشنىلا ئويلايدىغان، خەقنىڭ ھەققىنى يەپمۇ كۆزى تويمايدىغان قارنى يامان ئۇيقانىنمۇ ياكى ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلىشنى بىلىپ، ئارتۇقىغا قول ئۇزارتىشنى خالىمايدىغان بۇ ئوغرىنىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

مەسلىھەتچى ئۇستازنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ، ئاغزى پەقەت گەپكە كەلمەپتۇ. ياۋاشلىق بىلەن يانچۇقىدىن ئۈچ تال زىخچە ئالتۇننى چىقىرىپ شىرە ئۇستىگە قويۇپتۇدە، سارغايغىنىچە كەشنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ مەھكىمىدىن ئايرىلىپتۇ. مەسلىھەتچى ئۇستاز بىچارىلەرچە قۇيرۇقىنى خادا قىلغاندىن كېيىن چىياۋ ئامبال ھېلىقى يىگىتكە قاراپ خىر-خىر كۈلگەن ھالدا:

— سىز بىرەر ئىشقا دۇچ كەلسىڭىز ھەرگىز سەۋرچان بولالمايدىكەنسىز، بىراق ئوغرىلىق قىلىۋېتىپمۇ يەنە تاپتىن چىقماسلىقنى، ئىنساپ قىلىشنى ئويلاپسىز، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلسىڭىز ھەرگىز بولمايدۇ جۇمۇ! — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان تالىپ يىگىت ئىزا تارتقىنىدىن شەلپەردەك قىزىرىپ كېتىپتۇ.

«ھېكايە ئېيتىش سورۇنى» ژۇرنىلىنىڭ 2006-يىللىق ئالدىنقى 1-سانىدىن ئېرشادىي تەرجىمىسى

# قاغا بىلەن تۈلكە





كىتابتا ئېيتىلىشىچە، بىر پارچە گۆشنى ئاغزىدا چىشلىگەن ھالدا شاختا قونۇپ تۇرغان قاغىنى كۆرگەن تۈلكە ئۇنى: «سىز نېمىدېگەن چىرايلىق ھە!» دەپ تازا ماختىغاندىن كېيىن يەنە: «قالتىس مۇڭلۇق ناخشا ئېيتالايدىكەنسىز جۇمۇ...» دەپ بولۇشىغا ئۇچۇرۇپتۇ، مۇشۇنداق ۋاستە بىلەن ئاخىر قاغىنىڭ ئاغزىدىكى گۆشنى ئالداپ ئېلىۋاپتۇ.

مېنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىمچە، كىتابقا كىرگۈزۈلگەن بۇ ئەسەرنى ئاپتور ئۆزى ئويدۇرۇپ چىقارغان، قاغا بىلەن تۈلكە ئوتتۇرىسىدا بەلكىم مۇنداق بىر نەچچە كونكرېت ۋەقە يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن.

بىرىنچى ۋەقەلىك: تۈلكە دەرەختكە قونۇۋالغان قاغىنى كۆرۈپ ناھايىتى مېھرىبانلىق ھەم زوقلىنىش ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئىللىق تەلەپپۇز بىلەن: «پاھ-پاھ، ئىنىم! سىزنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىڭىز بەئەينى سۇمۇرۇغقا ئوخشاش چىرايلىق ھەم مامۇقتەك يۇمشاق، نەپىس، نۇرانە ئىكەن، بۇلبۇلنىڭ لەرزان سايراشلىرىنى بېسىپ چۈشىدىغان سېھرىلىك كۈيلىرىڭىز ئېگىز تاغلاردىن چۈشۈۋاتقان سۈزۈك سۇلارنىڭ شارقىراشلىرىدەك گۈزەل ھەم يېقىملىق بولۇپ، كىشىنىڭ قەلب تارلىرىنى تىترىتىۋېتىدىكەن! سىزنىڭ ساھىبجامالىلارنى تالالاش مۇسابىقىسىگە قاتناشمىغانلىقىڭىز تالانتلىقلارنى ئىسراپ قىلىۋېتىشنىڭ

دەل ئۆزى ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ دۆلەت ھالقىغان شىركىتىم
ئەسلىدە ئامېرىكىدىكى ھوللىۋودقا بېرىپ تۇرمۇش كاتە-
پى تەكلىپ قىلىشقا تەييارلىنىپ يۈرەتتى. ھېس قىلىشىمچە
سىز ھەرگىزمۇ ئاشۇ جايدىكى گۈزەللەردىن قېلىشمىغۇدەك-
سىز!...» دەيدۇ. تۇلكىنىڭ سۆزى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا
ھاياجانلىنىپ كەتكەن قاغا بوم ئاۋاز بىلەن چېچىكى چاي
بولغان ھالدا: «باش دىرېكتور تۈلكە جانابلىرى، بۇ گەپلە-
رى قۇلىقىمغا ياغدەك ياقتى، مەن تەكلىپلىرىنى قوبۇل قى-
لىشقا رازىمەن! ...» دەپ قاقىلداپ، ئاغزىنى ئېچىشى
بىلەن تەڭلا ھېلىقى بىر لوقما گۆش دەرھال تۈلكىنىڭ ئاغ-
زىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا قاغا شۇنىڭ
بىلەن تۈلكە «سېغىپ ئىچىدىغان سۈت» بولۇپ قالغانمىش.

ئىككىنچى ۋەقەلىك: تۈلكە بىر پارچە گۆشنى چىشلە-
گەن ھالدا دەرەخ شېخىغا قونۇۋالغان قاغىنى كۆرگەندىن
كېيىن ئاغزىغا كەلگەن سېرىق سۇنى يۇتقىنىچە ئەزمىسنى
ئېزىپ تۇرۇپ: «ئەي قاغا بۇرادەر، يېقىندا ئىدارەڭدىكى
خىزمەتچىلەرنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە بەزىلەر ۋەزىپىسىدىكى
قۇلايلىقتىن پايدىلىنىپ ئۆز يانچۇقىنى تومپايتىۋاتقانىمىش،
بۇ زادى قانداق ئىش؟ ئاممىنىڭ كۆزى ناھايىتى ئۆتكۈر
جۇمۇ!» دەيدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان قاغا ئالاقزادە بولۇپ
ھودۇقۇپ ئاغزىدىكى بىر لوقما گۆشنى چۈشۈرۈۋېتىشكە
تاس-تاماس قالىدۇ. قاغىنىڭ بۇ خىل روھىي ھالىتىنى
كۆرگەن تۈلكە رەڭگىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ يەنە:
«يولۋاس قاغان مېنى مۇشۇ دېلونى بېجىرىشكە بۇيرۇدى،
قاغاننىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلىشنىڭ قىيىنلىقىنى سەنمۇ
ئوبدان بىلىسەن، شۇڭا بۇ ئەنزىنى ئەسلا يۈز - خاتىرە
قىلماي ئادىل بىر تەرەپ قىلىشىمغا توغرا كېلىدۇ، بەلكىم
ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللىرىمنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويۇ-
شۇم، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ زىندانغا تاشلىنىشىغا سەۋەب-
چى بولۇپ قېلىشىممۇ مۇمكىن! ماڭا نېمە ئامال؟ ئەلۋەتتە
بىلىپ تۇرسامۇ بىلمىگەن بولۇۋېلىپ، قاغاننىڭ پەرمانىنى
بەجا كەلتۈرۈشۈم كېرەك، چۈنكى مۇقەددەس پەرمانغا
خىلاپلىق قىلىش دېگەن ناھايىتى چوڭ گۇناھ، ماڭا ھەقى-
قەتەن تەس بولۇۋاتىدۇ جۇمۇ!» دەيدۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلى-
غان قاغا تۈلكىنىڭ نېمىشقا شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى چۈشەن-
گەندەك بولۇپ، ئاغزىدىكى بىر لوقما گۆشنى ناھايىتى
زور ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىۋېتىدۇ.

ئۈچىنچى ۋەقەلىك: تۈلكە دەرەخ شېخىغا قونۇۋال-
غان قاغىغا ئوغرىلىقچە قاراپ قويۇپ، دەرەخنى ئايلىنىپ
ماڭغان پېتى ئەتەي ئۆزىگە-ئۆزى غۇدۇرىغاندەك قىلىپ:
«ھەي، مۇشۇ كۈنلەردە بېشىم بەكمۇ قېتىپ كېتىۋاتىدىغۇ
ئەمدى! ئىشخانا مۇدىرلىق ئورنىنىڭ بوش تۇرۇۋاتقانلى-
قىنى كۆرگەن رەھبەرلىك مېنى مۇشۇ ئورۇنغا مۇۋاپىق
نامزاتنى تەكشۈرۈپ تېپىشقا بۇيرۇۋاتامدۇ...» دەيدۇ.
شاختا تۇرۇپ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالغان قاغا پۇررى-
دە قىلىپ تۈلكىنىڭ ئۇدۇلىغا ئۇچۇپ چۈشۈپ تەزىم
قىلىپ، باش ئۇرغان ھالدا: «تۈلكە ئىدارە باشلىقى
جانابلىرى، ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى
قاچان غېرىبخانىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ، بىز تەي-
يارلىغان بىر، ئىككى قەدەھ ھۆرمەت شارابىنى ئىچىپ
كېتەركىن دەپ يوللىرىغا مۇنتەزىر بولۇپ قاراپ تۇ-
رۇپتىمىز، شۇڭا مەن بۈ قېتىم ئائىلىتەن ئۆزلىرىنى
تەكلىپ قىلىپ كەلدىم، يولۇم توغرا كېلىپ قالغاچقا
ئۆزلىرىگە ئاتاپ يەنە بىر نەچچە تەخسە قورۇمىلارنى
تەييارلاپ ئالغاچمۇ كەلدىم، تېتىپ باققايلا. بىز تىجا-
رەت قىلىۋاتقان سۇ ئۈزۈش سارىيىنىڭ مۇلازىمىتى نا-
ھايىتى يۈرۈشلەشكەن، زىياپەتتىن كېيىن تۈلكە ئىدارە
باشلىقىنىڭ شۇ جايغا بېرىپ بەھۇزۇر ئويناپ كېلىشىنى
ئۈمىد قىلىمەن» دەيدۇ. تۈلكە ئېسىل تائاملار بىلەن
غىزالىنىپ، قانغىدەك مەي - شاراب ئىچىپ، سۇ
ئۈزۈش سارىيىنىڭ يۈرۈشلەشكەن مۇلازىمىتىنىڭ ھەممە-
سىدىن بەھرىمەن بولۇپ تازا پەيزى قىلغاندىن كېيىن،
«رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ مۇزاكىرە قىلىشى» ئارقىلىق
ئىشخانا مۇدىرلىق ۋەزىپىسىگە قاغىنىڭ كىچىك ئوغلى
چۈجە قاغىنىڭ تەيىنلەنگەنلىكىنى جاكارلايدۇ.

تۆتىنچى ۋەقەلىك: تۈلكە دەرەخ شېخىغا قونۇۋال-
غان قاغىغا قاراپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان پېتى «ھۇ
ئۆلگۈر قاغا! بۇ يولنى مەن ئېچىپ، سەن قونۇۋالغان
ئاشۇ دەرەخنىڭ كۆچىتىنىمۇ ئۆزۈم قويۇپ چوڭ قىلغان-
مەن! سەن نېمىشقا ئۆزۈڭنى سورىمايسەن؟ بىلىپ قويغى-
نكى بۇ يەرلەر ماڭا تەئەللۇق، بۇ يەردىكى ئىشلارنىڭ
ھەممىسىگە مەن ئىگىدارچىلىق قىلىمەن! سىلەرنىڭ ئۆيۈڭ-
دىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جېنى مېنىڭ قولۇمدا، سىلەر مېنى
چوڭ دادا دەپ ئاتىشىڭلار كېرەك، ئەگەر مەن بىرلا ئى-
شارەت قىلىدىغان بولسام، قېرىنداشلىرىم شۇنداقلا ھەرد-
كەتلىنىپ قويسا سەن خوتۇن-بالىلىرىڭ، مال-مۈلكۈڭ-
دىن ئايرىلىپ، خانىۋەيران بولسەن ئۇقتۇڭمۇ؟!...»
دەپ ھۆركىرەيدۇ. كۆز ئالدىدىكى ئەھۋالنى دەڭسەپ
كۆرگەن قاغا ئاغزىدىكى بىر لوقما گۆشنى تۈلكىگە بېرد-
ۋېتىپ، ئۆڭسلى ئۆچكەن ھالدا ئۇچۇپ كېتىدۇ...




بىر چاشقان بولغانىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ مۈشۈككە يەم بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ھەمىشە ئالاقزادىلىك ئىچىدە ياشايدىكەن. ئۇ بۇددىستاۋاغا تېۋىنىپ ئۆزىنى يۈرەكلىكرەك بىر نەرسىگە ئۆزگەرتىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇددىستاۋا ئۇنى بىر دانە مۈشۈككە ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ.

مۈشۈككە ئۆزگەرگەندىن كېيىن، دەسلەپتە ئۇ يەنە كىچە - كۈندۈز ئوقيادىن ئۈركىگەن قۇشتەك ئىتتىن ئىنتايىن قورقۇشقا باشلاپتۇ؛ بۇنى كۆرگەن بۇددىستاۋا ئۇنى قايىتىدىن ئىتقا ئۆزگەرتىپ قويۇپتۇ. بىراق ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتە - ئۆتمەي ئىتقا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن چاشقان ئەتىراپتا قاپلاننىڭ گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەي يۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ ئوزۇقىغا ئايلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ھەر كۈنى دىڭگۇدەك گەمە - ئۆڭكۈرلەردە مۆكۈنۈپ يۈرۈپتۇ. ئۇ يەنە بۇددىستاۋادىن شەپقەت تىلەپتۇ. بىرەر ئامالى بولمىغان بۇددىستاۋا ئاخىر ئۇنى يەنە قاپلانغا ئۆزگەرتىپ قويۇپتۇ. بىراق بۇ قاپلان ئۆزىنىڭ يات ئارىدا ئوۋچىلار تەرىپىدىن ئوۋلىنىپ، ئۇلارنىڭ كەچلىك تامىقى بولۇپ قېلىشىدىن ۋەھىمە يەپ بۇددىستاۋاغا: — رەھىم قىلىپ مېنى قۇدرەتلىكرەك بىر نەرسىگە ئۆزگەرتىپ قويغان بولساڭ! — دەپ خىتاب قىپتۇ.

«مۇبادا سەن چاشقان يۈرەكلىك خۇيۇڭنى مەڭگۈ ساقلاۋېرىدىغانلا بولساڭ، — دەپتۇ بۇددىستاۋا، — سىرتقى كۆرۈنۈشۈڭ ھەرقانچە قۇدرەتلىك نەرسىگە ئۆزگەرتىلگەن بىلەنمۇ بەرىبىر ئەھمىيەتسىز بىر نېمە بولۇپ چىقىسەن». بۇددىستاۋا سۆزىنى تۈگىتىپلا نوم ئوقۇپ قارغاپ «پۇۋ» قىلىپ پۈۋلەپلا بۇ قاپلاننى يەنە چاشقانغا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ.


## ئوقۇرمەنلەر سەمىگە

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

نەشرىياتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق سانلىرىدىن 2009 - يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 200 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن Tel: (0991) 4554017



**ئاپتورلار سەمىگە:**

**ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بىزدە. رۇخسەتسىز ئىشلىتىۋالغۇچىلارنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ!**

**«مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى**

# تاختىمۇشۇك



چاشقان تام تۆشۈكىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىر دېھقاننىڭ خوتۇنى بىلەن بىرگە بوغچا ئېچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىچىدە نېمە بولغىنىنى دېگەن ئويدا سىنچىلاپ قاراپ ئۇنىڭ بىر دانە تاختىمۇشۇك ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ-دە، قورقىنىدىن پەرتىندە تىكىۋېتىپتۇ.

چاشقان شۇ چاپقىنىچە دېھقانچىلىق مەيدانى قورۇسىغا بېرىپ، — بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدە تاختىمۇشۇك بار ئىكەن! بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدە تاختىمۇشۇك بار ئىكەن! — دەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپتۇ.

توخۇ قوقۇلدىغان پېتى يەرلەرنى قالايمىقان مالتىلاپ دان تېرىپ يەۋاتقان ئىكەن، ئۇ بېشىنىمۇ كۆتۈرمەستىن: — چاشقان ئەپەندى، كەچۈرۈڭ، سىزنىڭ بۇ خەتەرگە يولۇققانلىقىڭىزنى بىلدىم، بۇ ئىشنىڭ مەن بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوققۇ دەيمەن، شۇڭا بۇ ھەقتە باش قاتۇرغۇم يوق، — دەپتۇ.

چاشقان ھال تۆكۈپ چوشقىنىڭ يېنىغا بېرىپ: — بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە تاختىمۇشۇك بار ئىكەن! — دەپ توۋلاپتۇ.

— كەچۈرۈڭ چاشقان ئەپەندى، — دەپتۇ چوشقا ھېسداشلىق قىلغان ئاھاڭدا، — سىزنىڭ بۇ كېلىشمەسلىكتىن قۇتۇلۇپ كېتىشىڭىزنى تىلەشتىن باشقا سىزگە ھېچقانداق ياردەم بېرەلمەيمەن، ياخشى تىلەكلىرىم بەركاتىدىن تەلىيىڭىز ئوڭ كېلىپ خەتەردىن خالاسلىق تاپقايسىز!

چاشقان كالىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ، كالا ئۇنىڭغا: — چاشقان ئەپەندى، تاختىمۇشۇك سىزگە قانداق خېيىم-خەتەر ئېلىپ كېلىدىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئاخىرىدا ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە روھى قاتتىق چۈشۈپ كەتكەن چاشقان بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا ئۇۋىسىغا قايتىپ، يېگانە ھالدا دېھقان قويغان تاختىمۇشۇككە تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇر بوپتۇ.

شۇ كۈنى كېچىدە «تاققىدە!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا تاختىمۇشۇككە بىر نەرسىنىڭ چۈشكەنلىك شەپىسى ئاڭلىنىپتۇ، دېھقاننىڭ خوتۇنى ئالدىراشلىق ئىچىدە چىراغنىمۇ ياقماي تاختىمۇشۇك بار يەرگە كېلىپ ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ باقماقچى بوپتۇ، ئەسلىدە بىر چاققاق يىلان تاختىمۇشۇككە چۈشۈپ قالغانىكەن، قولنى شۇنداق ئۇزىتىشى بىلەن تەڭلا ھېلىقى يىلان دېھقاننىڭ خوتۇنىنى چېقۋاپتۇ.

دېھقان خوتۇنىنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىرىپتۇ، قايتىپ كېلىشكە خوتۇنى قاتتىق قىزىپ كېتىپتۇ.

قوشنىلار ئۇنىڭغا: — توخۇ شورپىسى قىلىپ بەرسىڭىز ئۇنىڭ قىزىتمىسى دەرھال يېنىشى مۇمكىن، — دەپتۇ. دېھقان ھېلىقى توخۇنى قوغلاپ تۇتۇپ بوغۇزلاپ شورپا تەييارلاپ خوتۇنىغا ئىچكۈزۈپتۇ. بىراق خوتۇنىنىڭ كېسىلى يەنىلا ياخشىلىنالماپتۇ، قولۇم-قوشنا، دوست-بۇرادەرلىرىنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ دېھقاننىڭ خوتۇنىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىپ بېرىپتۇ، ئۇلارنىڭ بۇ خىل مېھرىبانلىقىغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن ئۇ چوشقىسىنى سويۇپ مىننەتدارلىق زىياپىتى ئۇيۇشتۇرۇپتۇ.

كېسىلى بارغانچە يامانلاشقاچقا دېھقاننىڭ خوتۇنى شىپالىق تاپالماي ئۆلۈپ كېتىپتۇ، نۇرغۇن ئادەملەر كېلىپ مېيىتنى دەپنە قىلىشقا ئىشتىراك قىپتۇ، دېھقان كالىسىنى ئۆلتۈرۈپ ئۇلارغا نەزىر بېرىپتۇ.

(«ھېكايە ئېيتىش سورۇنى»نىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرىدىن ئېرشادىي تەرجىمىسى)

www.uyghurkitap.com

# نانىڭ تۈرلىرى



مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن

ناۋايچىلىق ئۇيغۇر تاماق مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبي قىسمى، ئۇيغۇر ناۋايچىلىقى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، مانا بۇ مۇشۇ ئۇزاق تارىخي تەرەققىيات جەريانىدا ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستىگە تايىنىپ ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ ئۆزىگە خاس نان مەدەنىيىتىنى ياراتقان. ئۇيغۇر نانلىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، نان ئوخشاش بولمىغان شارائىت، ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش ۋاستىلىرىدە پىشۇرۇلۇپ، ئوخشاش بولمىغان ئەندىزىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. ئۇيغۇر نانلىرى پىشۇرۇش ۋاستىسى، شەكلى، خۇرۇچى، تەييارلاش ئۇسۇلى، تەمى جەھەتتىن تۈرگە بۆلگەندىمۇ نەچچە ئون خىلدىن ئاشىدۇ، ئەمما بۇ يەردە پەقەت ئۇيغۇر ناۋايچىلىق تۈرىگە مەنسۇپ بولغان تونۇردا پىشۇرۇلىدىغان، ھازىرقى زامان بازار رىقابىتىدە بەلگىلىك ئورۇن تۇتىدىغان، ئۇيغۇرلار ئارىسىغا بىر قەدەر كەڭ تارقالغان، ھەممە كىشىگە تونۇشلۇق بولغان بىر قىسىم نان تۈرلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

### گىردە نان

گىردە نان تونۇرغا يېقىپ ھەم بۇسلاپ، ھەم ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇلىدىغان، ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان، ئۇيغۇر خەلقى ياخشى كۆرىدىغان، تارىخى بىر قەدەر ئۇزاق، ئۇيغۇر ناۋايچىلىقىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان نان تۈرلىرىنىڭ بىرى.

خۇرۇچى: ئاق ئۇن، سۇ، تۇز، خېمىرتۇرۇچ، كۇنجۇت قاتارلىقلار.

خېمىر تەييارلاش ئۇسۇلى:

ئۇنغا خېمىرتۇرۇچ سېلىپ مۇۋاپىق مىقداردا تۇز، سۇ قۇيۇپ، خېمىرنى سەل قاتتىقراق يۇغۇرۇپ، ئۇزاقراق ئىشلەپ ياز كۈندە نېپىز، قىش كۈندە قېلىنراق رەخت بىلەن باسۇرۇپ قويىمىز. خېمىر كۆپكەندىن كېيىن چوڭ-كىچىكلىكىنى ئوخشاش قىلىپ زۇۋۇلا ئۈزۈپ تاۋلاپ شەكىلگە كەلتۈرىمىز. گىردە نانىنىڭ شەكلى يۇمىلاق بولىدۇ، ناننى تاۋلىغاندا گىرۋىكىنى يۇمىلاق، تومراق، ئوتتۇرىسىنى چوڭقۇر قىلىپ تاۋلايمىز ھەم ئۇنى ئاش تاختىغا ئوڭدىسىغا قىلىپ تىزىپ، ئۈستىگە نېپىز سۇ ئۇرۇپ، كۇنجۇت سېپىپ چەككۈچ چېكىپ ھەر ئىككى نانىنىڭ يۈزىنى بىر جۈپلەپ، داستىخان شەكلىدىكى رەختنى سۇ بىلەن نەمدەپ، سۈيىنى سىقىۋېتىپ، خېمىرنى يېپىپ قويىمىز، راسلانغان خېمىر يېرىم سائەت ئەتراپىدا رەختكە يۆگەكلىك ھالەتتە تۇرىدۇ. نەمدەلگەن رەختتە يۆگىگەندە گىردىنىڭ يۈزى شالداپ قېلىپ، قېتىپ قالسا نان ياخشى چىقمايدۇ، شۇڭا رەختنى چوقۇم ھۆللەش ھەم ئەتراپىنى ياخشى يۆگەش كېرەك.

گىردە نانىنى يېقىش ئۇسۇلى:

تونۇرنى تازا قىزىتىپ (يۇلغۇن، ئۈرۈك، توغراق ئوتى ئاساس قىلىنىدۇ) تونۇردىكى چوغنى ئېلىۋېتىپ تونۇرنىڭ يۈزىگە ئاش تۇزى ئۈرۈپ، ھاۋىسىنى پەسەيتىپ، بىر قاچىغا سۇيۇقلاندۇرۇلغان ئاش تۇزى قۇيۇپ، قولنى تۇزغا تەگكۈزۈپ ئاندىن ھۆل قول بىلەن راسلانغان خېمىرنىڭ تېگىگە نېپىز تەگكۈزۈپ نانني تونۇرغا ياقىمىز، ئاندىن نان يۈزىگە سۇ سېپىپ، تونۇرنىڭ ئاغزىنى يېپىپ يېرىم سائەت ئەتراپىدا بۇسلايمىز (بۇنى خۇيلاش دەپمۇ ئاتاپ قويىدۇ)، ناننىڭ يۈزى ئوبدان قېتىپ بولغان بولسا ياخشى بۇسلانغان بولىدۇ، ئوبدان بۇسلانغان ياكى بۇسلانمىغانلىقىنى قولنى تەگكۈزۈپ بىلىمىز.

ناننىڭ يۈزى قولىمىزغا چاپلاشمىسا ياخشى بۇسلانغان بولىدۇ، نان بۇسلىنىپ بولغاندىن كېيىن تونۇرنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋېتىمىز.

تونۇرنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋەتكەندىن كېيىن نانني يېقىشنىڭ ئالدىدا تونۇردىن ئېلىۋەتكەن چوغنى قايتىدىن تونۇرغا قويۇپ سەل تۇرغاندىن كېيىن تونۇرنىڭ داپخانىنى (ئوتنى يالقۇنجىتىش ئۈچۈن تونۇرنىڭ يان تەرىپىدىن قويۇلغان ئايرىم تۆشۈك) ئېچىۋېتىپ ئوتنى يالقۇنجىتىمىز، ناننىڭ ئاۋۋال داپخان ئەتراپىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن چوغقا يېقىن تۇرغان يەر، ئاخىرىدا تونۇرنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى نانلار قىزىرىپ پىشىشقا باشلايدۇ، قايسى نان بۇرۇن قىزىرىپ پىشسا تونۇردىن بىر-بىرلەپ قومۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. نانني قومۇرۇشتا ئالدىن تەييارلانغان ئېلمەك شەكىللىك زىخ ئىشلىتىش كېرەك. يەنى زىخ ئارقىلىق نانني ئاستىدىن ئۈستىگە كۆتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانسا نان پۈتۈن، پاكىز قومۇرۇلىدۇ، ئەگەر شارائىت يار بەرسە گىردىنىڭ يۈزىگە جىگدىنى قايناتىپ تەييارلانغان جىگدە شەربىتى ياكى ئۈزۈم شىرنىسىدىن ئازراق سېپىۋېتىپ قىزارتسا نان تېخىمۇ چىرايلىق، تېخىمۇ تەملىك پىشىدۇ، ئاسان قېتىپ قالمايدۇ.

بۇ نان تەملىك، مەززىلىك، يۇمشاق بولۇپ ئائىلىدە ساقلاپ يېيىشكە ماس كېلىدۇ. توي، نەزىر ئىشلىرىدا داستىخانغا تىزىشقا، مېھمان ئۇزىتىشقا ئەپلىك، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك تەرىپى شۇكى ئارىلاپ ئىستېمال قىلىش كېرەك، دائىم ئىستېمال قىلغاندا بەدەننى قىچىشتۇرۇپ قاپارتما پەيدا قىلىپ قويىدۇ، گىردە نان بازاردا سېتىش ئۈچۈن يېقىلىدۇ، ئائىلىلەردە ئانچە يېقىلمايدۇ، گىردە نانني مەخسۇس تەربىيەلەنگەن ئۇستىلار ياخشى ياقىدۇ.

## گۆشگىردە



گۆشگىردە خوتەن ئۇيغۇرلىرى ئارىسىغا بىر قەدەر كەڭ تارقالغان. تونۇرغا يېقىپ ھەم بۇسلاپ، ھەم ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇلىدىغان تەمى ئۆزگىچە، بەدەنگە كۈچ قۇۋۋەت بېغىشلايدىغان، يېيىشلىك، سىڭىشلىك، تەملىك، ئۇيغۇر خەلقى ياخشى كۆرىدىغان ئۇيغۇر نان مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر ناۋايچىلىقىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان، يېقىش، پىشۇرۇشتا ئالاھىدە ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان مۇھىم نان تۈرلىرىنىڭ بىرى.

خۇرۇچى: ئاق ئۇن، سۇ، خېمىرتۇرۇچ، تۇز، گۆش، قوي يېغى، قارىمۇچ، زىرە، پىياز قاتارلىقلار.

خېمىر تەييارلاش ئۇسۇلى:

ئۇنغا مۇۋاپىق مىقداردا تۇز، سۇ، خېمىرتۇرۇچ قاتارلىقلارنى سېلىپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. خېمىر ناھايىتى قاتتىق يۇغۇرۇلىدۇ، ئۇزاقراق ئىشلىنىدۇ. خېمىر رەخت بىلەن يۆگەپ كۆپتۈرۈلىدۇ ھەم ئوخشاش مىقداردا زۇۋۇلا ئۈزۈپ قول بىلەن دىسسىپ ناھايىتى پىششىق تاۋلىنىدۇ، ئىككىدىن زۇۋۇلىنى بىر قىلىپ جۈپلەپ ئاش تاختىغا تىزىپ بىرئاز تىندۇرۇلىدۇ، ئاندىن ئوتتۇرىسى قېلىنراق، گىرۋىكى نېپىز قىلىپ جىلىت ئېچىلىدۇ.

گۆش قوي يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئۇششاق توغرىلىدۇ، پىيازنى يۇمشاق چاناپ گۆشكە قوشۇپ قىيما قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قارىمۇچ، زىرىنى يۇمشاق

www.uyghurkitap.com



سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ قىيمىغا ئارىلاشتۇرۇپ تۇز ئارقىلىق تەمىنى تەڭشەپ، ئازراق سۇ قوشۇپ خۇددى خېمىر يۇغۇرغاندەك مۇجۇپ قىيما تەييارلىنىدۇ، قىيما جىلىت ئۈستىگە ئېلىنىپ گىرۋىكىنى يىغىپ، ئازراق چىققان خېمىر گۆشگىردىنىڭ ئۈستى يۈزى يۇمىلاق، ئاستى تۈز شەكىلگە كېلىدۇ، تۈگۈپ تەييارلانغان گۆشگىردىنى يەنە ئاش تاختا ئۈستىگە تىزىپ ئۈستىگە نەمدەلگەن رەخت يۆگىلىدۇ.

گۆشگىردىنى يېقىش ئۇسۇلى:

تونۇرغا توغراق ئوتۇنى سېلىپ قىزدۇرۇلىدۇ، ئوت تونۇرنىڭ يۈزى ئاقارغانغا قەدەر كۆيدۈرۈلىدۇ. تونۇر تازا قىزىغاندىن كېيىن تونۇردىكى چوغ پۈتۈنلەي ئېلىۋېتىلىپ، تونۇرنىڭ يۈزىگە ئاش تۇزى ئۇرۇلىدۇ، تونۇرنىڭ ھاۋىسىنى تەڭشەپ گۆشگىردە يېقىلىدۇ، گۆشگىردە يېقىشتا گەزنە ئىشلىتىلمەيدۇ. بىۋاسىتە قول بىلەن يېقىلىدۇ، گۆشگىردىنى يېقىشنىڭ ئالدىدا ئۈستى تەرىپىگە ئازراق سۇ سېپىلىدۇ، گۆشگىردە يېقىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن تونۇرنىڭ ئاغزى مەھكەم ئېتىلىدۇ، گۆشگىردە مۇشۇ ھالەتتە تونۇرنىڭ ئىچىدە يېرىم سائەت ئەتراپىدا تۇرسا بولىدۇ، بۇ خىل ئۇسۇل ئادەتتە بىسلاش ياكى خۇيلاش دەپ ئاتىلىدۇ، گۆشگىردە ئوبدان بۇسلىنىپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئۈستىگە نېپىز بىر قېتىم سۇ سېپىلىدۇ، تونۇرغا قايتىدىن چوغ قويۇپ تەكشى يېيىپ داپخان ئېچىۋېتىلىدۇ، ئوتنىڭ يالقۇنجىشىغا ئەگىشىپ قايسى نان ياخشى قىزىرىپ پىشسا شۇنى ئاۋۋال قومۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

گۆشگىردىنىڭ ئىچىگە گۆش، قوي يېغى سېلىنغاچقا ئوت يالقۇنجىغان ھامان ياغ ئېرىپ، گۆشگىردىنىڭ يۈزى چۈشۈپ كېتىدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ، شۇڭا تونۇرغا چوغنى بەك كۆپ قويۇۋەتمەسلىك، داپخاننى بۇرۇن ئېچىۋېتىپ ئوتنى تېز يالقۇنجىتىۋەتمەسلىك، ياغنىڭ ئاستا ئېرىپ خېمىرغا سىڭىشىپ كېتىشىگە پۇرسەت بېرىش كېرەك، گۆشگىردىنى ئىلمەك زىخ بىلەن تونۇردىن سۇيۇۋشقا بولمايدۇ، گۆشگىردىنى تونۇردىن ئېلىشتا مەخسۇس تەييارلانغان چويلا بىلەن ئېلىش كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا گۆشگىردىنىڭ ئىچىدىكى قىيمىسى ياكى شورپىسى تۆكۈلۈپ كېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ناننىڭ سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ.

گۆشگىردىنى باشقا نانلارنى يېگەندەك بىر چېتىدىن چىشلەپ يېيىشكە بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنى مۇشۇ ئۇسۇلدا يېگەندە ئاسانلا ئادەمنىڭ ئېغىزىنى كۆيدۈرۈپ قويىدۇ، گۆشگىردىنىڭ ئوڭ يۈزى بىلەن سول يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن پەم بىلەن يېرىپ ئىككى قىلىش كېرەك، بۇنداق بولغاندا ئىچىدىكى شورپىسى ھەم قىيمىسى گۆشگىردىنىڭ ئوڭ يۈزى تەرەپكە چۈشىدۇ، يېگەندە ئادەمنىڭ ئېغىزى كۆيۈپمۇ قالمايدۇ، ئاۋۋال سول يۈزىنى يەپ بولۇپ ئاندىن ئوڭ يۈزىنى يېگەندە شورپىسىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشى ياكى قىيمىسىنىڭ ئادەمنىڭ ئېغىزىنى كۆيدۈرۈپ قويۇشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

## گۆشگىردىنىڭ ئالاھىدىلىكى

گۆشگىردە قىيمىلىق تاماقلارنىڭ بىر تۈرى، شۇڭلاقلا تونۇردا ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇلىدىغان نان تۈرلىرىنىڭ بىر خىلى، ئۇ ناھايىتى يېيىشلىك، مەززىلىك، سىڭىشلىك بولۇپ ئادەمگە كۈچ قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ، تېنى ئاجىز كىشىلەر يېسىمۇ ئاسان سىڭىدۇ، مېھمان كۈتۈشكىمۇ ناھايىتى ماس كېلىدۇ. ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىپ بەدەننى يېنىكلەشتۈرۈپ روھنى كۆتۈرىدۇ. ھازىرقى بازار رىقابىتىدە ئۇ ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇلىدىغان نان تۈرلىرى ئىچىدە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان، بازىرى ئىتتىك نانلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

## گۆش نان

گۆش نان ئۇيغۇرلار ياخشى كۆرۈپ ئىستېمال قىلىدىغان، بەدەننى قۇۋۋەتلەش رولىغا ئىگە، ئۇيغۇرلارنىڭ تاماق مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر ناۋايچىلىقىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان نان تۈرلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

خۇرۇچى: ئاق ئۇن، خېمىرتۇرۇچ، تۇز، سۇ، قوي گۆشى، پىياز، قارىمۇچ، زىرە، قوي يېغى قاتارلىقلار.

خېمىر تەييارلاش ئۇسۇلى:

ئۇنغا سۇ، تۇز، خېمىرتۇرۇچ ئارىلاشتۇرۇپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ، خېمىرنى سەل بوشراق يۇغۇرۇش، ئۇزاقراق ئىشلەش كېرەك، خېمىرنى يۇغۇرۇپ بولغاندىن كېيىن رەخت بىلەن يۆگەپ خېمىر كۆپتۈرۈلىدۇ ھەم چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش قىلىپ زۇۋۇلا ئۈزۈپ تاۋلاپ شەكىلگە كەلتۈرۈلىدۇ. ھەر ئىككى زۇۋۇلىنى جۈپلەپ ئاش تاختىغا تىزىپ ئۈستىگە نېپىز رەخت يۆگەپ قويۇلىدۇ، راسلانغان خېمىر يېرىم سائەت ئەتراپىدا تۇرغاندىن كېيىن

خېمىر بوشاپ ئەۋرىشىم هالەتكە كېلىدۇ، ئاندىن هەر بىر زۇۋۇلىنىڭ گىرۋىكىنى نېپىز، ئوتتۇرا قىسمىنى قېلىنراق قىلىپ كاكچا نانغا جىلىت ئاچقاندەك چوڭ جىلىت ئېچىلىدۇ.

قىيما تەييارلاش ئۇسۇلى:

گۆش بىلەن ياغنى ئۇششاق توغراپ، پىيازنى يۇمشاق چاناپ گۆش بىلەن ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، ئاندىن قارىمۇچ يۇمشاق سوقۇلۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلگەن زىرە قاتارلىقلارنى گۆشكە قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇستىگە ئازراق تۇز سېلىپ تەمىنى تەڭشەپ ئازراق سۇ قۇيۇپ مۇجۇپ خۇرۇچلارنى ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇپ قىيما تەييارلىنىدۇ.

ئېچىلغان جىلىتنىڭ ئۇستىگە قىيمىنى تەكشى يېيىپ، ئاندىن جىلىتنىڭ گىرۋىكىدىن ياندۇرۇپ قايتا زۇۋۇلا هالەتكە كەلتۈرۈپ ئاندىن يەنە قايتا جىلىت ئېچىلىدۇ، ئەمما نېپىز قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ.

گۆش نانني يېقىش ئۇسۇلى:

ئۆرۈك ئوتۇنى بىلەن تونۇرنى ئوبدان قىزدۇرغاندىن كېيىن چوغنى تونۇرنىڭ ئوتتۇرىسىغا يىغىۋېتىپ، تونۇرنىڭ يۈزىگە ساپ ئاش تۇزى ئۇرۇپ، تونۇرنىڭ هاۋىسى تەڭشىلىدۇ. جىلىت كىچىك گەزنە ئۇستىگە ئېلىپ (كىچىك گەزنە ئايرىم تونۇشتۇرۇلىدۇ) تونۇرغا يېقىلىدۇ.

گۆش ناننىڭ تونۇردا تۇرۇش ۋاقتى ئۇزاقراق بولىدۇ. چۈنكى گۆش خېمىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغىنى ئۈچۈن گۆش ياخشى پىشمىسا نانىڭ تەمگە دەخلى يەتكۈزىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن چوغنى يالقۇنجىتىۋەتمەسلىك كېرەك. بۇنداق بولغاندا نان ئاستا، تەبىئىي قىزىرىپ پىشىدۇ. گۆش ناننىڭ جىلىتىسى ئىككى قېتىم ئېچىلغان بولغاچقا ئۇنى تونۇردىن پەم بىلەن سويۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. نان تەبىئىي سىڭىشىپ پىشمىسا تونۇردىن ئوبدان ئاجرىتىۋالغىلى بولمايدۇ، گۆش نانني تونۇردىن سويۇۋېلىشتا ئىلمەك زىخ ئىشلەتمەي قول بىلەن ياكى بولمىسا ئۇزۇن ساپلىق چويلا بىلەن سويۇۋېلىش لازىم، بۇنداق بولغاندا نان پاكىز، ياخشى چىقىدۇ، گۆش نانني تونۇردىن سويۇۋېلىپلا ئۇستىدىن داستىخان بىلەن يۆگەپ قويسا گۆش، ياغنىڭ ئېرىتمىسى نانغا سىڭىشىپ نان ئۆزگىچە تەمگە ئىگە بولىدۇ.

گۆش ناننىڭ ئالاھىدىلىكى:

گۆش ناننىڭ گۆشى كۆپ، گۆش، ياغنىڭ تەمى نانغا سىڭگەن، جىلىتىسى نېپىز، ئۆزى يۇمشاق بولغاچقا يېيىشلىك بولىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنى ئىسسىق ۋاقتىدا يېسە تەمى ئۆزگىچە بولۇپ كىشىگە هۇزۇر بېغىشلايدۇ، ئەگەر ئۇنى قاچىغا چىلاپ يېسە شورپا تەمگە ئىگە بولىدۇ، هەرقانداق مېھماننىڭ ئالدىغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

## كاكچا نان

كاكچا نان تونۇرغا يېقىپ بىۋاسىتە ئوتتا قاقلاپ پىشۇرۇلىدىغان، ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان، ئۇيغۇر خەلقى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇزاق مۇددەت ساقلاپ يېيىشكە بولىدىغان، ئاسان بۇزۇلۇپ قالمايدىغان، تارىخى ناهايىتى ئۇزاق، ئۇيغۇر ناۋايچىلىقىدا ئاساسىي ئورۇندا تۇرد-



دىغان، ئائىلىلەردىمۇ، بازاردا سېتىش ئۈچۈنمۇ يېقىلىدىغان، ھەممە ئائىلىلەردە يېقىپ يېيىشكە ماس كېلىدىغان نان تۈرلىرىنىڭ بىرى.

خۇرۇچى: ئاق ئۇن، سۇ، خېمىرتۇرۇچ، پىياز، كۈنجۈت، سىيادان، زاراڭزا چېچىكى، زىرە قاتارلىقلار.

خېمىر تەييارلاش ئۇسۇلى:

ئۇنغا خېمىرتۇرۇچ سېلىپ مۇۋاپىق مىقداردا تۇز، سۇ قوشۇپ خېمىرنى بەك يۇمشاقمۇ ئەمەس، قاتتىقمۇ ئەمەس، نورمال ھالەتتە يۇغۇرۇپ، ئۇزاقراق ئىشلەپ باسۇرۇپ قويۇلىدۇ، خېمىر كۆپكەندىن كېيىن ئوخشاش ھالەتتە زۇۋۇلا ئۈزۈپ تاۋلاپ ئۇندا يۇخۇنلاپ ھەر ئىككىدىن زۇۋۇلىنى جۈپلەپ ئاش تاختا ئۈستىگە تىزىپ، ئۈستىگە قۇرۇق داستىخان ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش رەخت بىلەن يۆگەپ قويۇلىدۇ، خېمىر يېرىم سائەت ئەتراپىدا تۇرسا خېمىرنىڭ ئەۋرىشىملىكى ئېشىپ راسلاشقا ئاسان بولىدۇ.

نان راسلاشتا ئوتتۇرىسى نېپىز، گىرۋىكى سەل تومراق قىلىپ راسلىنىدۇ، كاكچا نان قانچە نېپىز بولسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ. كاكچا ناننىڭ يۈزى ئاش تاختا ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ ئېچىلىدۇ، ئاندىن مەخسۇس تەييارلانغان چەككۈچ بىلەن ناننىڭ يۈزىگە چەككۈچ چېكىلىدۇ.

يۇمشاق چانالغان پىيازغا كۈنجۈت، سىيادان، زاراڭزا چېچىكى، زىرە قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئازراق سۇ قويۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ناننىڭ يۈزىگە تەكشى سېپىلىدۇ.

چەككۈچ ناننىڭ يۈزىگە قانچىكى چېكىلسە نان شۇنچە چىرايلىق كۆپىدۇ، پىياز، كۈنجۈت، سىيادان، زاراڭزا چېچىكى، زىرە قاتارلىقلارنىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە دورىلىق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ناھايىتى بۇرۇنلا ئۇلارنىڭ ئادەم بەدىنىگە پايدىلىق قىممىتىنى بايقاپ ئۇلارنى نان بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ھەم ناننىڭ شەكلىنى گۈزەللەشتۈرۈش، ھەم ناننىڭ تەمىنى ئۆزگىچىلىككە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت ئۈنۈمگە ئېرىشكەن.

كاكچا ناننى يېقىش ئۇسۇلى:

كاكچا نان يېقىشتا مەخسۇس تەييارلانغان گەزنە بولىدۇ (گەزنە ئايرىم تونۇشتۇرۇلىدۇ). تەييارلانغان نان گەزنە ئۈستىگە ئېلىنىدۇ.

تونۇرنى تازا قىزىتىپ (ئۆرۈك ئوتۇنى بولسا ئەڭ ياخشى) تونۇردىكى چوغنى تونۇرنىڭ ئوتتۇرىسىغا يىغىۋېتىپ تونۇرغا ساپ ئاش تۇزى سېپىلىدۇ، تونۇرنىڭ ھاۋاسىنى ئوبدان تەڭشەپ بولغاندىن كېيىن گەزنە ئۈستىگە ئېلىپ تەييارلانغان نان تونۇرغا يېقىلىدۇ، ناننىڭ يۈزى تونۇرغا تەكشى تېگىشى ئۈچۈن گەزنىنى ئەركىن تۇتۇش كېرەك، ناننىڭ گەزنە يۈزىگە چاپلىشىۋالماسلىقى، ناننىڭ پاكىزلىقى ئۈچۈن گەزنىنىڭ يۈزىنى دائىم يۇيۇپ تۇرۇش لازىم.

كاكچا ناننى پىشۇرۇش ئۇسۇلى:

كاكچا نان تەكشى راسلانمىسا ناننىڭ نېپىز يېرى ئاسانلا كۆيۈپ قالىدۇ، بۇنداق ناننىڭ ھەم خېرىدارى بولمايدۇ، نان سۈپەتسىز چىقىپ قالىدۇ. شۇڭا كاكچا ناننى ياخشى پىشۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ناننى ماھىرلىق بىلەن تەكشى راسلاش كېرەك. نان تەكشى سىڭىشىپ، قىزىرىپ پىشقاندىن كېيىن مەخسۇس تەييارلانغان ئىلمەك زىخ بىلەن بىر ياندىن پەم بىلەن تونۇردىن سويۇۋېلىش كېرەك. ئەگەر ناننىڭ تەكشى راسلانمىغانلىقى، تونۇردىكى چوغنىڭ تەكشى يىغىلماسلىقى تۈپەيلىدىن نان تەكشى پىشماي قالسا ناننى تونۇردىن سويۇۋېلىپ تونۇرنىڭ گىرۋىكىدە قويۇپ پىشۇرسىمۇ تەكشى پىشۇرغىلى بولىدۇ. ئەگەر ناننىڭ بەزى يەرلىرى تونۇردىن سويۇۋالغىچە كۆيۈپ كېتىش ئېھتىمالى بولسا كۆيگەن يەرگە ئازراق سۇ تەگكۈزۈۋەتسە ناننىڭ تەكشى پىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

كاكچا ناننىڭ ئالاھىدىلىكى:

كاكچا نان ناھايىتى نېپىز بولغاچقا ئۇنى نەچچە ئايلاپ ساقلىسىمۇ بۇزۇلۇپ ياكى كۆكىرىپ قالمايدۇ، تەمى ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. ياشلارنىڭمۇ، ياشانغانلارنىڭمۇ يېيىشكە ماس كېلىدۇ، توي، نەزىر ئىشلىرىدا داستىخانغا زىننەت بېغىشلايدۇ، سۇ، ئوت بولمىغان شارائىتتىمۇ ئۇنى بىمالال ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنى خالىغان ئائىلىلەر ئۆزلىرى يېقىپمۇ يېيەلەيدۇ، بازاردىمۇ يېقىپ سېتىلىدۇ، ئۇنى ھەرقانداق مېھماننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشكە بولىدۇ، ئۇ يېيىشلىك ھەم تەملىك بولۇپ، ئەڭ ياخشى ئوزۇقلۇق ھېسابلىنىدۇ.

(ئاپتور: چىرا ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە)



www.uyghurkitap.com

# مۇقام ۋارىسلىرى



شېرىنئاي ياقۇپ

مەلۇمكى ئۇيغۇر مۇقاملىرى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب-شىمالىدا ياشاپ ئۆتكەن ۋە پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان پەخىرلىك ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. ئۇنىڭدا خەلقىمىزنىڭ بەخت-سائادىتى، مېھىر-مۇھەببىتى، قايغۇ-ھەسرىتى، ئارزۇ-ئىنتىلىشلىرى، دىنىي ئېتىقادى، ئالەم ۋە كىشىلىك دۇنيا ھەققىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلىرى... ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى تەركىبىگە «ئون ئىككى مۇقام»، «دولان مۇقامى»، «تۇرپان مۇقامى»، «قومۇل مۇقامى» قاتارلىقلار كىرىدۇ. «ئون ئىككى مۇقام» شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەتلەرگە، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئىلى ۋىلايىتى قاتارلىق جايلارغا كەڭ تارقالغان. «دولان مۇقامى» ئاساسلىقى دولان مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىكى مارالبېشى، مەكىت، ئاۋات ناھىيىلىرىگە نۇقتىلىق تارقالغان. «تۇرپان مۇقامى» تۇرپان ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى تۇرپان شەھىرى، پىچان ۋە توقسۇن ناھىيىلىرىگە تارقالغان. «قومۇل مۇقامى» شەرقىي شىنجاڭدىكى قومۇل ۋىلايىتىنىڭ قومۇل شەھىرى بىلەن ئاراتۈرۈك ناھىيىسىگە تارقالغان.

دىيارىمىزنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلىغان ئۇيغۇر مۇقاملىرى ناخشا، مۇزىكا، ئۇسسۇل بىر گەۋدە قىلىنغان ئۇنىۋېرسال ئالاھىدىلىكى بىلەن جاھان ئەھلىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. دۇنيادىكى ئەڭ زور مۇزىكىلىق داستان بولغان «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» سەنئەت خەزىنىسىدىكى يېتۈك جۇلاسى بىلەن ئىلىمىز ۋە چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى مۇنتىزىم باھالاش، تەكشۈرۈش ئارقىلىق 2005-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈچ تۈركۈمدىكى 90 تۈرنى «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرى» دەپ ئېلان قىلدى. «ئەزەربەيجان مۇقامى»، «ئىراق مۇقامى» ۋە ئۆزبېكىستان بىلەن تاجىكىستان بىرلىكتە يوللىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



«شەش مۇقامى» ئىككىنچى تۈركۈمدىكى ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ب د ت قارىمىقىدىكى مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى 2005-يىل 25-نويابىردا ئۈچىنچى تۈركۈمدە «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى» قاتارىغا كىرگەن ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. ھۆكۈمىتىمىز ئۆز ئالدىغا يوللىغان «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇقامى» مۇشۇ قاتاردا تاللاندى. 2005-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بەش دۆلەتنىڭ تۆت خىل مۇقامى «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى» بولدى. مۇشۇ ئارقىلىق «مۇقام»نىڭ ئىنسانىيەت ئومۇمىي گەۋدىسىدىكى ئەنئەنىۋى مۇزىكا مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

مۇقاملىرىمىزنىڭ يۇقىرىقىدەك ئېتراپ قىلىشقا ئېرىشىپ، خەلقىمىزگە شان-شەرەپ ئېلىپ كەلگەنلىكى، مۇقامنىڭ ياراتقۇچىلىرى ۋە ھەقلىق ئىگىلىرى بولغان بىزنى چەكسىز ئىپتىخارلاندۇرىدىغان ياخشى ئىش ئەلۋەتتە. بىر خىل سەنئەتنىڭ «مەنىۋى گۆھەر»، «پارلاق سەنئەت» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى ماھىيەتتە بىزدىن يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق نۇقتىسىدا تۇرۇپ ۋارىسلىق قىلىشىمىزنى، ئەسلىي ماھىيىتىنى ساقلىغان ئاساستا زامانغا ماس ھالدا راۋاجلاندۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. «مۇقام سەنئىتى»نى تېخىمۇ يۈكسەك ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىش مۇقام شەيدالىرىغا، كەسىپ ئەھلىگە، مۇقام سەنئىتىگە ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلىدىغانلارغا دەۋرىمىز يۈكلىگەن شەرەپلىك مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت. تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ياشلارغا يۈكلەنگەن مۇقەددەس بۇرچ ھېسابلىنىدۇ.

جەمئىيەتنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشى بىلەن ھازىرقى زامان تارقىتىش ۋاستىلىرىنىڭ كىرىپ كېلىشى، كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىلىرىنىڭ كۆپ خىللىشىشى يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلىرىمىزنى ئېستېتىك قىزىقىشىدا ئۆزگىرىش ياساۋاتىدۇ. كورېيە، ياپونىيە، ئامېرىكا، غەربىي ياۋروپا، ھىندىستان... قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ناخشا-مۇزىكىلىرى ياشلىرىمىز ۋە ئۆسمۈرلىرىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېيىتقاندىن سىرت، ئۇلارنىڭ زوقلىنىش پسىخىكىسىدا بىنورماللىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مېنىڭچە، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا چوقۇم مەخسۇس «مۇقام قانىلى» تەسىس قىلىش كېرەك. ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيەلەردىكى يەرلىك تېلېۋىزىيە ۋە رادىيو ئىستانسىلىرىمۇ مەخسۇس مۇقام پىروگراممىلىرىنى تەسىس قىلىپ ياشلىرىمىز ۋە ئۆسمۈرلىرىمىزنىڭ مۇقام بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىدەك كەسپىي ئۆمەك ئۆزى باشلامچى بولۇپ، مەخسۇس «ئۇيغۇر مۇقاملىرى تور بېكىتى»نى قۇرۇپ، ئۇ تور بەتكە مۇقامغا ئائىت كەڭ مۇھىم ئۇچۇرلارنى تولۇق كىرگۈزۈشى، مۇقاملىرىمىزنىڭ جاھان سەنئەت مۇنبىرىدە تۇتقان ئالاھىدە ئورنىنى ۋە قىممىتىنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ، ياشلىرىمىزنىڭ چۈشەنچىسىنى، پەخىر-ئىپتىخار تۇيغۇسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى كېرەك.

2. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار كۈچ سەرپ قىلىپ، «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئۆلچەملىك CD، MTV پىلاستىنكىلىرىنى، كىتابلىرىنى «شەرق شاملى قورۇلۇشى»غا كىرگۈزۈپ، ھەرقايسى ناھىيە، يېزا-كەنتلەردىكى كىتابخانا، كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت يۇرتلىرىدا ئۇچراتقىلى بولىدىغان ئەھۋالنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك.

3. شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى، قەشقەر سەنئەت مەكتىپى دېگەندەك كەسپىي سەنئەت مەكتەپلىرىدە مەخسۇس مۇقام سىنىپلىرىنى كەسپلەشتۈرۈشنى ۋە كۆلەملەشتۈرۈشنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقىرى كەسپىي ساپاغا ئىگە، مۇنتىزىم تەربىيە كۆرگەن ياش بىر ئەۋلاد مۇقام ۋارىسلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مۇقام تەتقىقاتىنىڭ ئىلمىيلىك دەرىجىسىنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش ئۈچۈن مەخسۇس مۇزىكا ماگىستىرلىرىنى، دوكتورلىرىنى تەربىيەلەش نۇقتىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

4. ئۇيغۇر مۇقاملىرى زامانىۋى ۋاستىلەر كىرىشتىن ئىلگىرى ئەل ئىچىدە يارىتىلىپ، كۆپلىگەن ئاتەش يۈرەك خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ ئاغزاكى يەتكۈزۈشىدىن ئاجايىپ كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇپ، بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەنلىكى ھەممىگە ئايدىڭ پاكىت. شۇڭا تولىمۇ قىيىن تۇرمۇش بېسىمى، ماددىي ناراتلىق ئىچىدە تۇرۇپمۇ مۇقام سەنئىتىگە جان - دىلى بىلەن ۋارىسلىق قىلغان خەلق سەنئەتكارلىرىغا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ تەمناتىنى ياخشىلاش، قەدىر-قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك، شۇندىلا ئەل ئىچىدىمۇ مۇقام سەنئىتىگە ئىشتىياق باغلىغان پىداكار ۋارىسلار كۆپىيىدۇ.

5. مۇقام مۇزىكىلىرىنى خام ماتېرىيال قىلغان ئاساستا، ماھىيەتتىن چەتنىمەي يېڭىلىق يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. «چەببىيات مۇقامى»، «مۇقام باھارى» دېگەندەك مەخسۇسلاشقان، يۇقىرى سەۋىيەدىكى كېچىلىكلەرنى كۆپ تەشكىللەش ۋە ئۆتكۈزۈش كېرەك. بۇ ئىككى كېچىلىكنىڭ زور زىلزىلە قوزغاپ، بارغانلا يېرىدە قىزغىن قارشى ئېلىنىشى بۈگۈنكىدەك رىقابەت كىرىزىسقا تولغان دۇنيادا ھەقىقىي سەنئەت ئەسىرىنىڭ مەپتۇنكار رولىنى يوقاتمايدىغانلىقىنى، پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم تونۇتتى.

«مۇقام باھارى» كېچىلىكىنىڭ تەسىرى نۇقتىسىدىن شۇنى خۇلاسىلەشكە بولىدۇكى، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ ئىخلاس قىلغان ھەر قانداق ئىش ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ؛ مۇقاملىرىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك باھارى، كېلەچىكى ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرگەنلەر ئەل كۆڭلىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىدىن)



# مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئىجتىمائىي رولى



**مەتتۇرسۇن ئەستۇللا**

مەدەنىيەت يۇرتى «ئاساسىي قانۇن»دا بەلگىلەنگەن ھەر
دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر تەسىس قىلدىغان، كەڭ خەلق ئاممىسىغا
تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان، مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى
ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان، ھەم ئەدەبىيات-
سەنئەت ئىجادىيىتى بولغان، خەلق ئاممىسى تۈرلۈك مەدەنىي پا-
ئالىيەتلەرگە ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق پائالىيەتلىرىگە تەشكىللەيدى-
غان سوتسىيالىستىك مەدەنىي كەسپىي ئورۇن. مەدەنىيەت يۇرتى
شۇ جاينىڭ، يەرلىكنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىي پائالىيىتىگە يېتەكچى-
لىك قىلىدىغان مەركەز، شۇنداقلا ئۇ يەنە ئىجادىيەت مەركىزى،
تەربىيەلەش مەركىزى، پائالىيەت مەركىزى. مەدەنىيەت يۇرتى
ئىلغار مەدەنىيەتنى ئۆگىنىدىغان، تەشۋىق قىلىدىغان، ئەمەلىيلەش-
تۈرىدىغان ئورۇن. مەدەنىيەت يۇرتى ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ
ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا ئۆزىنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇپ
كەلگەن.

مەدەنىيەت يۇرتى ياكى ئاممىۋى مەدەنىيەت كەسپىي ئاپپا-
راتلىرى ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە
كۆۋرۈك، شۇنداقلا ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتى-
نى ئىشلىشىگە ھەمكارلىشىدىغان ئورۇن.

1982 - يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى «مەدەنىيەت يۇرتى
خىزمەتلىرى سىناق قائىدىسى»نى ئېلان قىلدى. مەدەنىيەت يۇرتى-
نىڭ ئاساسىي خىزمەت ۋەزىپىسى تۆۋەندىكىدەك بېكىتىلدى:

ھەر خىل ئاممىۋى مەدەنىيەت، سەنئەت پائالىيەتلىرى ئارقى-
لىق كەڭ خەلق ئاممىسىغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى، سوتسىيا-
لىستىك ئىدىيە تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش ۋە كوممۇنىزملىق غايە،
ئەخلاق تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ
ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلىش، پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىيا-
سەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، دۆلەتنىڭ قانۇن، پەرمانلىرىنى
تەشۋىق قىلىش، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەتلەرنى
تەشۋىق قىلىش، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش نەتىجىلىرىنى تەشۋىق
قىلىش، ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى، شۇنداقلا مەدەنىيەت، سەھىيە بە-
لىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشتىن سىرتقى ئە-
دەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت ئىشلىرىنى، ئىشتىن سىرتقى مەدەنى-
يەت، سەنئەت ئىشلىرىنى، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى
تەشكىللەش، شۇ جاينىڭ خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان خەلق ئە-
دەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش قاتارلىق خىزمەتلەردۇر.

مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ناھىيە دەرى-
جىلىك ئورۇنلاردا مەدەنىيەت يۇرتى تەسىس قىلىنىدۇ. مەدەنىيەت
يۇرتى ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىدا ئۆز
رولىنى ياخشى جارى قىلىپ كەلگەن. مەدەنىيەت يۇرتى ئىجتىما-
ئىي تەشۋىقات تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان، ئىلىم - پەن ۋە مەدەنى-
يەت بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرىدىغان، ئاممىۋى ئەدەبىيات-
سەنئەت پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرىدىغان ئۇنىۋېرسال خاراكتېرگە
ئىگە كەسپىي ئورۇن ۋە پائالىيەت سورۇنى. شۇڭا مەدەنىيەت
يۇرتىنىڭ پارتىيەنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭخۇا
مىللەتلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ،
ئاممىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى موللاشتۇرۇش بۇرچى بار. ھەر خىل
مەدەنىيەت، سەنئەت پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ خەلق ئاممىسى-
نىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى بېيىتىش مەجبۇرىيىتى بار.

ئاممىۋى مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى خىزمەتچىلەرنى، ئەدە-
بىيات - سەنئەت كەسپىي تايانچ كۈچلەرنى يېتەكلەش ۋە تەربىيە-
لەش، جەمئىيەت ئۈچۈن كەسپ ئىگىلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈ-
رۈش مەجبۇرىيىتى بار.

پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش،
قانۇننى تەشۋىق قىلىش قاتارلىق مەجبۇرىيىتى بار.

ئۆز جايىدىكى ئەجدادلاردىن مىراس قالغان غەيرىي ماددىي
مەدەنىيەت مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش، ئاپتونوم رايون،
دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى
قېزىش، شۇنداقلا ئۇنى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى
تۈرلىرى بويىچە يوللاشتەك ۋەزىپىلىرى بار.

(ئاپتور: خوتەن شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كۆنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى



تەھرىر ئىلاۋىسى: روسىيە خاكاس تۈركلىرىدىن يېتىشىپ چىققان مەشھۇر شەرقشۇناس ئالىم نىكولاي فىدروۋىچ كاتانوف 1891 ـ 1892 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا قىزىلسۇ، تۇرپان، قومۇللاردا خەلق ئاغزىدىن يىغقان فولكلور ماتېرىياللىرىنىڭ بىر قىسمىنى ژۇرنىلىمىزنىڭ 2008 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن باشلاپ 6 ـ سانىغا قەدەر ئېلان قىلغانىدۇق. بۇ ماتېرىياللار ئۇيغۇرلارنىڭ 19 ـ ئەسىردىكى تىل، جەمئىيەت، مەدەنىيەت ئەھۋالىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا بېباھا قىممەتلىك بىرىنچى قول مەنبە ھېسابلىنىدۇ. كاتانوف ئۇيغۇرلارنى فولكلور ۋە تىل نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈشنى ئاساس قىلغانلىقى ئۈچۈن، ماتېرىيال خەلق ئاغزىدىن قانداق چىققان بولسا شۇ پېتى خاتىرىلىگەن. ئەدەبىي جەھەتتىمۇ ھېچقانداق پىششىقلانمىغان. شۇڭا، ئەسەرنى نەشرگە تەييارلىغۇچى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تىلشۇناسلىق جەھەتتىكى پايدىلىنىش قىممىتىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۆز پېتى نەشرگە تەييارلىغانىدى. «مىراس» ژۇرنىلىدا شۇ تەرىقىدە كاتانوف خاتىرىلىگەن 64 مەزمۇن ئېلان قىلىنىپ «كۆنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى» ماۋزۇسىدا ئوقۇرمەنلەرنىڭ، مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتچىلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەنىدى. ئەپسۇسكى ئەسەر مەنبەسىدە 2009 ـ يىلدىن باشلاپ ئۈزۈلۈش بولدى. ئوقۇرمەنلەر تۇشمۇتۇشتىن خەت يېزىپ ۋە باشقا ئالاقە ۋاستىلىرى بىلەن كاتانوف قەلەمگە ئالغان بۇ ئەسەرلەرنى داۋاملىق ئېلان قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، كاتانوفنىڭ كىتابىنى تېپىش قىيىنچىلىقى بىزدە تۇغۇلۇپ بېشىمىز قاتقان كەزدە قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئەخمەت بايتۇرسۇنوف نامىدىكى تىل ئىنستىتۇتىدا فىلولوگىيە پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ ۋەتەنگە قايتقان، ھازىر شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى بولۇپ ئىشلەۋاتقان دوكتور مۇقەددەس مىرزاخانىم بىزنى ئوقۇرمەنلەر ئالدىدىكى خىجالەتچىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. بۇ يەردە بىز دوكتور مۇقەددەس مىرزاخانىمغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

«كۆنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى»نى ئۇلاپ ئېلان قىلىشتا ئىلگىرىكى ئۇسلۇب ساقلاپ قېلىندى. يەنى ترانسكرىپسىيەسىنى مۇشۇ زامان ئۇيغۇر يېزىقىغا ئەينەن ئۆرۈپ يېزىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. ئەسەردە ئەينى زاماندا خاتىرىلەنگەن دىنىي ۋە خۇراپىي مەزمۇنلار بار.

بۇ مەزمۇنلار ئەينى زامان ئىجتىمائىي ئاڭ فورماتسىيەسىنىڭ مەھسۇلى شۇنداقلا ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مەۋجۇت ھادىسىلەر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىسىدىن بىز بۇ ھادىسىلەرنى پەقەت شۇ زامان جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بىر خىل فولكلور ھادىسىسى، تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەينى زامان جەمئىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشى، تىل تەتقىقاتى، فولكلور تەتقىقاتىغا پايدىلىنىش قىممىتى بار، دەپ قاراپ ئېلان قىلدۇقمىز. شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەسەرگە تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىشنى، ئەسەرگە ئەقىل كۆزى بىلەن سىنچى قىلىشنى سورايمىز.

— تەييارلىغۇچىدىن



## سەپەر بىرلە بۆلەك ئىشنى قىلماقنىڭ بايانى

ئايخان، لوگۇچېن، 1892-يىل، 4-ئاينىڭ 6-كۈنى تۈرپان

1. ئاينىڭ بىرى مۇبارەكتۇر، ھەزرىتى ئادەم ياراتقان كۈنى. 2. بۇ كۈندە خۇدادىن بىر نەمە تىلەسە، ئوبداندۇر. 3. ئۇلۇغلارغاما كۆرۈشكىنى ئوبداندۇر. 4. سەپەر قىلماق، ئېلىق-سېتىق قىلماق، ئۆي سالماق ئوبداندۇر. 5. شۇ كۈنى تۇغۇلغان بالا دۆلەتمەن، ئۇلۇغ بولۇر. 6. ئاينىڭ ئىككىسى ئوبدان، ھەزرىتى ھاگگا ئانامنى ياراتقان كۈن. 7. خوتۇن ئالماققا ئوبدان كۈن؛ ئۆيدىن ئۆيگە كۆسسەما ئوبدان كۈن. 8. دارى ئىچمەك، ئۇلۇغلارنىڭ يېنىغا بارماق، شېرىك بولۇپ ئوقات قىلماققا ئاينىڭ ئىككىسى ئوبداندۇر. 9. ئاينىڭ ئۈچى ھېچ ئىش قىلغېلى ئوبدان ئەمەس؛ ھەزرىتى ئادەمنى، ھاگگانى بېھىشتىن چىقارغان كۈن. 10. ئاينىڭ تۆرتى ئۇرۇشقا، جەڭگە بارماق، داگا قىلماق ئوبداندۇر. 11. قان ئالسا، تولا يامان. 12. بۇ كۈندە بالا تۇغۇلسا، ئۇرۇشقاق، يامان بولادۇ. 13. ئاينىڭ بېشى ئوبدان ئەمەس: قابىل ھابىلنى ئۆلتۈرگەن كۈنى. 14. ھېچ ئىشقا ئاينىڭ بېشى ئوبدان ئەمەس. 15. ئاينىڭ ئالتىسى ئوبدان. 16. سەپەرگە، شىكارغا چىقماق ئوبدان بولادۇ. 17. بۇ كۈنى پاتشانىڭ يېنىغا بارىساما ئوبدان. 18. بۇ كۈندە تۇغۇلغان بالا زالىم، خۇن تۆككۈچى بولادۇ. 19. ئاينىڭ يەتتىسى يېڭى كەيمەك، ئېگىل كەسمەك ئوبدان. 20. بۇ كۈندە بالا تۇغۇلسا، چوڭ موللا بولادو. پاتشا بولادو. 21. ئاينىڭ سېكىزى ھەممە ئىشكە ئوبدان، پاتشانىڭ يېنىغا بارىساما ئوبدان. 22. ئاينىڭ توققۇزى ئوبدان. 23. خۇدادىن، خاندىن بىر نەمە تىلەمەككە ئوبدان؛ خاننىڭ يېنىغا كىرسەما ئوبدان. 24. داگا قىلماققا ئوبدان ئەمەس. 25. ئاينىڭ ئونى ھەممە ئىشكە ئوبدان؛ نو پەمغەمبەر تۇغۇلغان كۈن. 26. ئاينىڭ ئون بىرى خوتۇن ئالماق، سەپەرگە چىقماق ئوبدان. 27. بۆلەك ھېچ ئىشكە بۇ كۈن ئوبدان ئەمەس. 28. ئاينىڭ ئون ئىككىسى ئېرىق چېپىپ سۇ ئەپكەلەدۇغان ئىشكە، غۇدۇق كورلاماققا ئوبدان. 29. بالا تۇغۇلسا، ئۆمرى ئۇزۇن بولادو. 30. ئاينىڭ ئون ئۈچى ھېچ ئىشكە ئوبدان ئەمەس. 31. ئاينىڭ ئون تۆرتى قان ئالسا، ئوبدان ئەمەس. 32. بۆلەك ئىشكە ھەممېسىگە ئوبدان. 33. بالا تۇغۇلسا، سارالڭ بولۇپ گەدايچىلىق قىلىپ يۈرۈر. 34. ئاينىڭ ئون بېشى ھەممە ئىشكە ئوبدان؛ دەگا قىلسا، ئوبدان ئەمەس. 35. ئاينىڭ ئون ئالتىسى ھەممە ئىشكە ئوبدان ئەمەس. 36. بۇ كۈنى ھېچ ئىش قىلماڭلار! 37. ئاينىڭ ئون يەتتىسى ھەممە ئىشكە ئوبدان. 38. بالا تۇغۇلسا ، ھېقلىسىز بولادو، سارالڭ بولادو. 39. ئاينىڭ ئون سېكىزى زىرات تېرىماق، سەپەرگە چىقماق، دارى ئىچمەككە ئوبدان. 40. بۆلەك ئىشكە ئوبدان ئەمەس. 41. ئاينىڭ ئون توقوزى قان ئالسا، ئوبدان. 42. كىتاب ئوقۇماققا ئوبدان، قان ئالماق ئوبدان. 43. ئاندىن بۆلەك ئىشكە ئوبدان ئەمەس. 44. بالا تۇغۇلسا، باتۇر، كۈچلۈك بولادو. 45. ئاينىڭ يىگىرمېسى ئۇرۇق چاچماق ئوبداندۇر. دەرەخ تىكمەك ئوبدان، ئۆي ياساماق ئوبدان. 46. قان ئالسا، ئاغرىق بولۇپ قالادو. 47. ئاينىڭ يىگىرمە بىرى ھەممە ئىشكە ئوبدان، ھېچ ئىشكە يامان ئەمەس. 48. ئاينىڭ يىگىرمە ئىككىسى مەشرىپ ئويناماق، ناغما قىلماق، ھەر ئويۇن قىلغېنىغا ئوبداندۇر. 49. بالا تۇغۇلسا، دانىشمەن، دانا، زىرەك بولادو. 50. ئاينىڭ يىگىرمە ئۈچى بالا تۇغۇلسا، جايىل بولادو. 51. ئاغرىق بولسا، ساقايمايدۇ. 52. نامراتقا ساداق بەرسە، ساقايادو. 53. ئاينىڭ يىگىرمە تۆرتى يەر يېرىسا، ئوبدان، شىكارغا چىقسا ئوبدان، قان ئالسا، يامان. 54. ئاينىڭ يىگىرمە بېشى ئەلچى ئەبەرىسە ئوبدان. 55. يەر تېرىپ دەرەخ تىكسا، ئوبدان ئەمەس. 56. ئاينىڭ يىگىرمە ئالتىسى قان ئالدۇرسا، يامان. 57. دارى ئىشكەن، تاماشاغا بارماق، سەپەر قىلماق ئوبدان. 58. بالا تۇغۇلسا، باتۇر، دانا، زىرەك بولۇر، گە ھېقلىلىق بولۇر. 59. ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىسى قان ئالسا، يامان. 60. سودا قىلسا، كىشى بىرلە شېرىك بولسا، ئوبدان. 61. ئاينىڭ يىگىرمە سېكىزى دەھقانچىلىق قىلسا، موللا يولا دۇغېنىنى خۇدادىن تىلەسە، ئوبدان. 62. ئۆي سالماق، ياساماق ئوبدان. 63. ئۆيدىن ئۆيگە كۆسسەما ئوبدان. 64. قان ئالساما ئوبدان، بۇ كۈنى تۇغۇلغان بالا چوڭ باي بولادو. 65. ئاينىڭ يىگىرمە توققۇزى دارى ئىسسە، سەپەرگە چىقسا، شىكارغا چىقسا، ئوبدان. 66. بۆلەك ئىشلەرگە ئوبدان ئەمەس. 67. ئاينىڭ ئوتۇزى خاتنا قىلماق، دارى ئىچمەك، دەرەخ تىكمەك ئوبدان؛ قان ئالسا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يامان. 68. بۇ كۈندە بالا تۇغۇلسا، پەرھىزكار بولۇپ دانا، زىرەك، ئاقىل بولىدۇ. 69. ھەرقانداق ئىش قىلسا،ـــ قان ئالماقتىن بۆلەك ـــ ئوبدان بولىدۇ. 70. بۇ ھەممى-سى مۇسۇرمان ئايلىرىنىڭ ھسابى.

## سەپەر ئايىدا بەختىنى تىلەگىنى

ئېيتىپ بەرگۈچى: مىجىت (مۇجۇپ) ئاخۇن، تۇرپان،
1891-يىلى 7-ئاينىڭ 13-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن

سەپەر ئايىدا بۇ تۇرپان خەلقى بەختىنى تىلەسە، سەپەر ئاينىڭ يەتتىسى، ئون يەتتىسى، يىگىرمە يەتتىسى، بۇ ئۈچ يەتتىدە خايى ئەر، خايى خوتۇن بولسا بەختىنى تىلەر، بۇ يەتتى كەلگەن كەچەسى «باخلار ئېشى قىلامىز» دەپ ئون يەتتى قسما يەيتۇرغان غىزا قىلۇرلار. بۇ قىلغان غىزالارنى بىر ئۆيىنىڭ ئۆيىنى ئوبدان راستلاپ ھەممە بىساتلار سېلىپ بۇ ئۆيگە ئاپكىرىپ قويارلار. بۇ ئۆينىڭ ھەر تەرەپىسسگە شام يېقىپ قويالار. بىر مۇللە كىرىپ شۇ ياساپ قويغان ئۆيدە ئىككى سائەتكىچىلىك باخ-نامە ئوقۇرلار. ئاندىن ئىككى سائەت بولغاندا بۇ باخ-نامە ئوقۇپ تامام بولۇرلار. باخ-نامە ئوقۇپ كەتكەندىن كېيىن كۆچ كەچ بولغاندا باخلار ئېشى قىلغان ئادەملەر غۇسلۇ تەرەت قىلىپ بۇ كەچىسى تولا ياخشى تەلەپلەر قىلىپ تۆبەلەردە يۈرۈپ بەختىنى تىلەرلەر. ئاندىن بۇ كەچتە تاڭ ئاتقاندا بۇ باخلارنىڭ كەلگىنىنى بىر كىشى كۆرمەسە، قويغان ئېشىنىڭ ئۈستۈندە قوشۇقنى بۇ ئادەملەر (ئۆينىڭ ئەگىسى) ئوڭ قويۇپ قويارلار. بۇ باخلار كەلگەن بولسا، قوشۇقنى تۆتۈرە قويارلار. ئاندىن بۇ خەقلەر ئاشنى كۆرۈپ كۆڭۈللىرى خوش بولۇپ «بۇگۈن كەچە باخلار كېلىپ بىزنىڭ ئۆيگە ① كىرىپ ئۆتۈپتۇ. ئەمدى بۇ غىزالارنى مىچىتلىك بىرلەن ئۈلۈلۈرۈپ دۇگا قىلىپ يەيلى» دەپ مىچىتلىگنى ئۇرۇق قۇياشنى قىشقىرىپ كېلىپ «تەبەرۈك» دەپ يەشۇرلەر. بۇ ئۈچ يەتتىدە شۇ قايىدادا ئاش قىلىپ باختىنى تىلەرلەر. ناۋادا بۇ ئۈچ يەتتىنىڭ ئىچىدە خايى ئەركىشى، خايى مەزلىم كىشى، خايى كىچىك بالا، خايى چوڭ بالا ئاش قىلغان ئۆينىڭ چۆرىسىدە ئۇچۇراسا، بۇ باخلار باخلار ئۇچۇراپ قالغان ئادەمنى كۆرۈپ بىر بىرنى قىشقىرىشۇرلار. بۇ باخلارنىڭ ھەرقاسىنىڭ ئېتى «باختى، دۆلەت، ئىززەت، ئابرۇ» دەپ ئاتلىرى شۇنداقلاتۇرلار

بۇ باخلار ئۇچۇراسا، بۇ ئادەمنى ئوترىسىغا ئېلىپ چۆرەلەپ تۇرسا، شۇ ئادەم باخلارنىڭ چوڭى ئەيتقىنىنى ئېشىتۇر «ئەي يا باخ، مۇنى كۆر! ئىززەت، مۇنى كۆر! ئابرۇ، مۇنى كۆر! دۆلەت مۇنى كۆر! تالى، مۇنى كۆر، ھۇرمەت مۇنى كۆر!» دەسە، بۇ قىشقارغان باخلار كېلىپ ئۇچۇراغان ئادەمنىڭ ھەر بىرسىسى بېشىنى سىلاپ قويارلار. بۇ باخلار كوي قاپتىن چىقۇر. بۇ باخلار ئۇچۇراغان ئادەمگە شۇ يوسۇندا ئۇچۇرارلار. بۇ ئادەم كۈندىن كۈنگە ياخشى كۈن كۆرۈپ غېنى بولۇپ ئۆتەرلەر. ناۋادا بۇ ئۈچ يەتتىدە بىر كىشىگە ئۇچۇراماسا، شۇ يوسۇندا باخلارنى بىردەبىر ئادەم شۇنىڭدەك كۆرسە، باختى كۆرگەن ئادەم بالادىن بالاغا غېنى بولۇپ ئۆتەرلەر. ناۋادا بۇ باخلار ئېشى قىلغان خەقلەرنىڭ تۇشى ھەم كۆرمەسە، كۆزى ھەم كۆرمەسە، كەلگىنىنى بىلىندۈرۈپ قويسا، بۇ ئۆي ئەگەلىرى تېخى غېنى ئۆتەرلەر. بۇ باخلار ئېشى قىلغان خەقلەر ھەر يىلدا ئازدۇ، تولادۇ كۆچى يەتكۈنچە قىلىپ تۇرماسا، بۇ خاقلار كۈندىن كۈنگە قۇرۇپ كەتەرلەر. بۇ باخلار ئېشىنى سەپەر

ئاينىڭ ئۈچ يەتتىسدە قىلۇرلار، باشقايلاردا قىلماسلار، بۇ قايدىنى «باخت ئانا، باخت ئانا»دەرلەر.

كاتانوف شىنجاڭدىن خاتىرلەنگەن تېكىستلەر توپلىمى.

بېرلىن، 1943-يىلى نەشرى.

## شەرت ئېچكىنى

مىجىت ئاخۇن، 1891-يىلى 7-ئاينىڭ 28-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن

ئىككى كىشى ئۇرۇشۇپ شەرىئەتكە بارسا، بۇلار بىرىسگە قاسام كېلىپ قالسا، ئەلىم ئاخۇننىڭ قازىسى بۇ قاسام بەرگۈچىدىن بىر سەر قاسامانى دەپ ئالادۇ، ئاندىن بۇ قاسام قىلادۇرغان كىشنى، قاسام بەرگۈچنى، بۇ ئىككىسىنى قازى يۇرتنىڭ تېشىنىغا ئاپچىقىپ كىشى يوق

① ئەسلى تېكستتە «ئۆيىگە» دەپ ئېلىنغان، بۇ خاتا، ئۆيگە بولسا توغرا بولىدۇ ـــ (ت)

ھەم داراخ يوق قۇرۇق يەرگە ئاپچقىپ بۇ ئىككىسىنى بىر بىرسىنىڭ بېلىنى تۇتتۇرۇپ ئاندىن قاسام قىلۇرلار. بۇ قاسامنى يا يۇرتنىڭ ئىچىدە، يا بىر داراخنىڭ تۇبىدە قاسام قىلسا، شۇ قاسان قىلغان جايدا، ھەر نەرسە بولسا، قۇرۇپ كەتەر. ئاندىن ئىككىنچى قاسام دەرلەر. بۇ ئىككىنچى قاسام: بىر ئادەمگە قاسام بەرەدۇرغان بولسا، بۇ قاسام ئىچەدۇرغان ئادەم قاسام بەرگەن ئادەمگە قۇران تۇتۇپ پەرەدۇرلار. داۋادا ئۇچ كۇڭگىچىلىك ناھاق بولسا، ئۇچ كۇڭگەچە ئۆلەر. ناۋادا راست بولسا، قاسام بەرگەن كىشى ئۆلەر. ئۇچىنچى قەسەم دەرلەر؛ بىرى بىرلەن ئۇرۇشۇپ ئالادۇرغانى بولسا، بىرسى يوق دەسە، بىرسى بار دەسە، بۇلارنى مېچىتلىك سۇرارلار. بۇلار قاسام كېلىپ قالسا، قاسام قىلغۇچى قاسام بەرگۇچىگە «مەن سېنىڭ ھاقىڭنى بەرگەن! مەن سېنىكى ھاقىڭنى بەرمەگەن بولسام قىيامەتتە پەيغامبىرىم قۇلۇم دەمەسۇن! مۇسۇلمان بالىسى بولماي قالاي! خۇدا قازى بولغاندا ئاق ئۇزۇم قارا بولسۇن» دەپ قاسام قىلۇرلار، ئۇچىنچى قاسام ئۇشۇ يوسۇندا ئۆتەرلەر.

لوپلىقنىڭ شەرت ئىچكىنى (قايدا)

ئىككى ئادەم بىر بىرسى بىرلەن قاسام قىلماق بولسا، تېرمىغىنى يالاپ پەرۇرلەر. ئىككىنچى قاسىمى: مىلتىقنىڭ ئاغزىنى يالاپ پەرۇرلەر. ئۇچىنچى قاسىمى: يەتتى يەرگە ئوت قالاپ بىردىن بىردىن ئاتلاپ پەرۇرلەر. لوپلىق ئۇشۇ يوسۇندا قاسام قىلۇرلار.

## ھايۋاناتلار توغرىسىدىكىلىرى

مېجىت ئاخۇن، 1891 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۇنى چۇشتىن بۇرۇن، تۇرپان

مايمۇننىڭ ئاسلى ئادەم ئېدى، مايمۇن بوياقچى ئېدى. خوشنىسى ئۇچۇن گەلىق ئۆتكۈزەرمەن دەپ گۇئالىغى يالغان چىقىپ بۇ بوياقچى نەپىزى كەتكەن، ئېنىڭ ئۇچۇن مايمۇن بولۇپ قالغان.

گاسىل ئىبىن مەممەت غازى، 1892 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۇنى چۇشتىن بۇرۇن، تۇرپان.

تۇڭگۇز ئىلگەركى زاماندا بىر قاسساپ بولغان، يابا تۇڭگۇزنۇڭ ئاغزىدىن چىققان ئىككى پىچىقى بار. قاسساپچىلىقنىڭ بەلگىسى شۇرۇر. جىڭنى ئېغىر تۇتۇپ سۇرىتى بۆلەك ياڭزا بوپ كەتكەن بىر پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسىدا.

ناي خان. لوگۇچىن. 1892 ـ يىل، 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۇنى چۇشتىن بۇرۇن، تۇرپان.

كۆيۆ دېگەن نەرسە بىر باي ئىدى. دىگانە قالەندەر كەلدى. ئۆزى يۇڭنۇڭ ئاستىغا كىرىپ ئېلىپ داخانلىرىغا «مېنى يوق دەگلەر!» دەپ يوشۇنۇپ ئالدى، دىگانە «سەن يۇڭنۇڭ ئارىسىدىن چىقمايسەن ! يوق بوپ قال !» دەپ دۇئا قىلىپ ئېدى، ئۇ باي خۇدايىنىڭ قۇدرىتى بىرلەن كۆيۆ بوپ قالدى. ھەمىشە يۇڭ يەيدۇ.

مەتە دەگەن قۇرۇت بۇغۇداي تېرىدۇغان ئادەم ئەكەن، بىر بالىسى تولا بولغان كىشى ئۇ ئادەمدىن بۇغۇداي سوراپ كەلدى. بۇغۇدايىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئېلىپ يوشۇڭغىنىنى نامرەت كۆرۈپ ئاتتى. ئۇ كىشى: «ئەي نامرەت، دادام ئۆيدە يوق!» دەپ ئوغلىغا ئايتتۇردى، ئاندىن كېيىن ئۇ نامرەت دۇئا قىلغاندا بايىقى كىشى خۇدايىنىڭ قۇدرىتى بىرلەن مەتە بوپ قالدى.

ئاق قۇشقاچ ئۆزى ئادەم ئېدى. «مۇسا پەيغەمبەرگە ئوت قويامەن» دەپ قوناق يىغىپچىنى ئاپ كەلدى، شۇنىڭ ئۇچۇن خۇداي سۇرىتىنى مۇبەددەل قىلدى.

ساچقان ئادەم ئېدى يالغان گالىق بەردى. خۇداي تالا «يارنىڭ ئاستىندىن چىقمىسۇن» دەپ سۇرىتىنى مۇبەددەل قىلدى.

بۆرە ھەم ئادەم ئېدى. بۆرە ئۆزى قاسساپ ئىدى، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان قوينى خاققا سېتىپ شۇ گۇنادىن سۇرىتى مۇبەددەل بولدى.

تۈلكى ئادەم ئېدى. ئانىسىنىڭ قوڭنى كولدى، شۇڭا بولا خۇدا سۇرىتىنى مۇبەددەل قىلدى.

پاختەك ھەم ئادەم ئېدى. بىر پەمغەمبەرنىڭ كىلىنى ئىدى، ئۆز ئاتىسىنىكدە بارغۇچا يولدا يامان ئىش قىلدى. شۇڭا بولا پاختەك سۇرىتىنى ئالدى.

پىل ماتازا ئادەم ئېدى. ناڭگاي ئېدى، ناننى كىچىك قىلىپ خاققا ساتادۇغان ئېدى. بۇرنىدىكى خارتۇمى نان ياقادۇغان پەلپىدۇر.

مايمۇن خوتۇن ئادەم ئېدى. ھەيز قىنىنى پاكىزە تۇتمايدۇغان ئىدى، شۇنۇڭ ئۇچۇن ئاللا تەئالا سۇرىتى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



نى يۆرتكەپ قويدى.

توڭۈز ھەم ئادەم ئىدى. قۇربان ھەيتتە «قۇربال-لىق قىلاي» دەپ ئۆزى ئۆلگەن قوينىڭ گۆشىنى خاققا يۆدۆردى، شۇ شۇملۇق ئۈچۈن سۆرىتى بۆلەك بوپ كەتتى.

مۆشۈكما ئادەم ئىدى. يىكچى ئىدى، تاغنىڭ يىغى-چىنى ئالماي يامان يىغاچلاردىن قىلغان يىكنى خاققا سېتىپ يالغان ئەيتقان ئۈچۈن سۆرىتى مۇبەددەل بولدى.

قارلۇغاچ ھەم ئادەم ئىدى. بىر قاسساپنىڭ كېلىنى ئىدى، قوي بوغۇزلاپ كەپ قان قولىنى ئىگىگىنىڭ ئاستى-نىدا تۇتۇپ ئىدى، قېين ئاتىسى سۆيگىلى خىيال قىلغاندا قارلۇغاچ خۇدادىن سوراپ قۇشقاچ سۆرىتىدە بولۇپ ئۇچۇپ كەتتى، قارلۇغاچنىڭ ئىگىگىنىڭ ئاستىندا ھەلى ھەم قىزىل ئىزى قالدى.

ئىپىق ئادەم ئىدى. بوياقچى ئىدى. بوياقنى يامان قىلىپ ياخشى بوياقنىڭ ئورنىغا يامانىنى بېرىپ خاققا ھېمە-شە يالغان ئەيتقان ئۈچۈن سۆرىتى مۇبەددەل بولدى.

قارغا ئۆزى ئادەم ئەكەن. قارغا «قاق» دەپ بىر قىچىرسا شۇ يامان بەلگى، جۈپ قىچىرسا شۇ ئابدانىدۇر، ياخشى خابارلار ئاپ كەلەدۇ. قارغا قايداق قىچىرسالا شۇنىڭغا:

ياخشىلىق ماڭا بولسۇن
يامانلىق ساڭا بولسۇن
كەسسۇن ئاللا تالا
بېشىڭنى ئەي قارغا!

(ناي خان ئاھاڭغا سېلىپ شۇ قوشاقنى ئوقۇدى)

« ياخشىلىق ماڭا بولسۇن
يامانلىق ساڭا بولسۇن
ئاللا تالا بېشىڭنى
ئەي قارغا ساڭا كەسۇن!»

گاسىل ئىبىن مەممەت غازى 1892-يىلى 3-ئاينىڭ 25-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، تۇرپان.

بوسۇغادا دوست ئادەم ئولتۇرمايدۇ. ئولتۇرسا دۈشمەن بوپ كەتەدۇ. يامان قىلغان كىشىگە بىز «بوسۇ-غادا ئولتۇر» دەيمىز. بوسۇغادا ئولتۇرغان ئادەمنىڭ پۇتى ئاغرىپ قالادۇ، بوسۇغادا باللارمۇ ئولتۇرغىلى بول-مايدۇ.

بىر ئادەمنىڭ يېنىدا قويۇنتاش ئۆتسە شۇنىڭغا قاراپ خۇدانىڭ ئىسمىنى ئاستا ئوقۇپ تۈكۈرۈككە ئوخ-شۇتۇپ دەم ئالادۇ. قويۇنتاسقا تۈكۈرمەس ئادەمگە بىر ئاغرىق يا يۆلەك بىر بالا تۆگۈرەدۇ. ئۇتقا تۈكۈرسە ئاغ-زىدا بىر بالا پەيدا بوپ قالادۇ. ئەگەر ئۇت قىچىرسا شۇ ئۇبدان خاسىيەتدۇر. كىيىن بىر ياخشى ئادەم كەلۇر يا بىر ئوبدان ئىش پەيدا بولور. ئۇت قىچىرسا بىز ئاغزىمىز بىرلەن سۆيكەككە ئوخشا ئۈن چىقارامىز.

پىچاقنى بىر ئادەمنىڭ قولىغا بەرسە بالدىر سېپىنى بەرەدۇ. يەرگە سالسا پىچاقنى قوبۇر غالاپ سالادۇ. قول-غا تىغىنى بەرسە يا يەرگە سالغاندا بىسىنى يوقىرى قاراتسا شۇ قىلغىنى كاپىرنىڭ دىنىگە كىرگەندەك بولادۇ يا بالانى قىچىرغاندەك بولادۇ.

ئالباستا دەكەن نەرسە جىنىدىنما يامانراق. ئول-تورغان جايى تاغنىڭ ئارسىدا. يىغاچ دەرەخلەرنىڭ ئا-رسىدا يۈرۈيدۇ. سۆرىتى ئادەمنىكى بولادۇ. ئەمما يالاڭغاچ چىچى ئۇسۇكلۇك تۇرادۇ. خوتۇنى ئالباستى-نىڭ ئۆزۈن، چوڭ ئەمچەكلىرى بار. ئەگەر چىلىشار بولسا، ئىككى ئەمچىگىنى مۆرىسىگە ساپ قويادۇ. كۆتى كامارەڭگى بولادۇ. كۆتنى كولاسا ئادەم شۇ ئالباستىنى ئالادۇ. بولماسا ئۆزىنى ئالدورادۇ. شۇنداق ئالباستا دەگەن نەرسە قورلا قارا شاردە، مارالبېشىدا ئادەمگە تولا ئۇچراشادور.

ناي خان 1892-يىلى 3-ئاينىڭ 26-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، تۇرپان.

بىزنىڭ رەسىممىزدە بوسۇغادا ئولتۇرسا ئولتۇرغان ئادەم يامان ئاغرىق بىرلەن ئاغرىيدۇ، بوسۇغىنى ئاتلا-ماي بېسىپ ئۆتسە سودىسى كەم بولادۇ، مۇشكۇل ئىشلار ئۆمرىدە پەيدا بولادۇ.

ئادەم ئىسقىرتسا ئاتانسىدىن ئاربلادۇ يا خوتۇن بالا بارقىسىدىن يا پۇلىدىن ئاربلادۇ، ھەرگىز شۇ ئادەم-نىڭ باختى بولمايدۇ.

بىر ئادەم كاككۇكنىڭ چىقىرغىنىنى ئەڭ ئاگگالىقىسدا ئاڭلاسا ئاغزىدىن شۇ كاككۇپ كۆمۈر چىشەدۇ. شۇ كۆ-مۈرنى كۆزگە سۈرسە شەيتانى كۆرەدۇ. شەيتانىنى بۇر-كىنى ئابالادۇ. ھېچكىم ئىنى كۆرالمايدۇ.

ساچقان ياپيالاقنىڭ بېشىدا مېڭىسى ئىككى ياڭزا

بولادو. بىرسى كۆك، بىرسى ئاچ. ئېقىنى كوسا ئادەم يا چېچى يوق ئادەم ئىگىگە ما بېشىغا سۇرسە تۇك چاچ چىقادو.

ئابدۇللا 1892 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى قومۇل.

ئۇتقا تۈكۈرمەيدۇ، ئۇتقا تۈكۈرگەن ئادەمنىڭ ئاغزىغا ئۇچۇق چىقادو.

سۈتنى يەرگە تۆكمەيدۇ، سۈتنى تۆگەن ئادەمنىڭ كۆزلەرى قارو بولادو.

پىچاقنىڭ ئۆزىنى يوقىرى قىلىپ سالسا يامان بولادو، يا زەرەل بولادو، يا يامان غوغا چىقادو.

ئېشىكتىن ئۆتۈپ مۇجۇقنى باسسا دۈشمىنى ئەكلىك بولادو، ئەگەر ئوتتورسا كۆتىگە ئۇچۇق چىقادو.

ئۆينۇڭ ئىچىدە كۈشكۈرسە شەيتان ئۆينۇڭ بەرەكېتىنى ئاپ كېتەدو.

قۇيۇن تازىنىڭ ئىچىدە تۇرغان ئادەم ئاغرىپ قالادو.

ئايەت ئۇلكۈرسىز كۆڭۈل بىرلە ئوقۇسا يوقاپ كەتەدو.

تۈشكۈرگەن كىشى «ئەلھەمدۇلىللاھى» دەيدۇ. بىر ئەدەم شۇنى ئاڭلىسا تۈشكۈرگەن كىشىگە «گەرەمە تۇللا» دەيدۇ.

ئەدەم كېكەرسە ئاشنى ئومدان يەگېندور ھەم ئاش يېگېننى ياخشى كۆرگېنېدۇر.

شۇ رەسمىنى بىز نايەتتە ياخشى كۆرە دىبېز.

ھاجىمەمەت تاھىربەك، قومول، 1892 ـ يىل، 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى.

## ئۇپۇپنۇڭ بايانى

بىر تامنىڭ تۆشۈگۈنى ئۆي تۇتۇپ تۇقما چىقارغان گاختا بىر سىلىق سېغىزنى ئاپ كەپ تۆشۈكنۇڭ ئاغزىغا چاپلاپ قويسا ئۇ كۇپ يېلىقىپ قاپ سېغىزغا خەت شەكلى پۈتۈپ قويغۇدەك. ئۇ پۇپ ئەڭگېلدە تولا ئۇلەما كىشى ئەكەن. كىشىدىن ئۆرگۈنۈپ بۆلەك كىشىگە ئۆرگەتمەپتۇ. بىر كۈنى ئۇ پۇپ ماخپىراتقا بېرىپتۇ، ئۇل ماخبىر غارلىقتا بىر زايىت مەزلىم كىشى ئىككى توقۇز (ئىككى؟ —— iKK) چەلپەك ئاپ كەپتۇ. ئۇ پۇپنى يولدا كېتىپ بېرىپ ئۇزايىت مەزلىم كىشى قىشقىرىپتۇ، ئۇ پۇپ زەرەت بېشىغا بېرىپتۇ، مەزلىم كىشى ئەيىپتۇ: «بۇ ياتقان مېنىڭ ئاتانام ئېدى، ئايەت ئوقوپ دوئا قىلىپ پەرسەلەر» دەپتۇ. ئۇ پۇپ ئىچىدە ئوقوپتو. ئۇل مەزلىم نەچەن قاتار ئەيتىپتۇ. «ئاشكارا ئوقوسولار» دەپ ئاشكارا ئوقوماپتۇ. ئۇل مەزلىم «بۇ تۈرك كىشى مەكەن» دەپ كۆزى بىرلەن قاراسا ئىچىگە ئىلمى پاتماي تۇرغۇدەك. ھەلقى مەزلىم ئەيتىپتۇ. «ئوقوماق سۈننەت، ئاڭلىماق پەرز» دەپتو. «مەھكەم ئوقۇساڭ مەن ئاڭلاسام بولمامدو» دەپتو. ئۇ پۇپ ئاشكارا ئوقۇغىلى ئۇناماپتو. ھەلقى مەزلىم دۇئا قىلىپتو. «ئەي بارى خۇداگەندە، شۇ ئادەمگە ئىلمىنى كەگرو بېرىپسەن، بېخىللىق قىلىپ ئوقوپ بەرمېدى. ئىلمىس ئىچىدە سېسىپ كەتسون! ئىلىمىنىڭ خاسىيتى بىر تال تۈكىدە قالسون! دەپ دۇئا قىلىپ قولىنى دۇئادىن ياندۇرۇپتۇ، ما مېنىڭ دۇئاسى مۇستەزاپ بولۇپ، ھەلېقى موللا ئۇ پۇپ بوپ قالدى.

تا ھالغا چىلىق بەدەن سېسىقتەك. سېغىزغا خەت شەكلى پۈتۈپ پەرگۈدەك. شەكلىنى ئۆرىسە ئەرىبى ئايەت پۈتكۈدەك. شۇ سېغىزنى قويغان ئەدەمنىڭ مۇرادى نەمېدىن بولسا شۇ ئايەتنى ئوقۇسا مۇرادى ھاسىل بولغۇدەك.

ئۇ پۇپنىڭ يەنە بىر گەقەسى: ئۇ پۇپنى ئۆلتۈرۈپ تۈكىنى بىر ئىندىن يۇلۇپ ئېقىن سۇغا سالسا، ئېقىپ كەتكۈدەك ئارادا بىر تال تۈكى سۇنۇڭ يۇقىرى يېنىغا ئاققۇدەك. شۇ تۈكنى تۇتۇپ ئېلىپ، ئۆزى بىرلەن ھەمرا قىلىپ ساخلىسا خەق ئارىسىدا ئېزىز مۇكەررەم بولغۇدەك. ئۆزى ئىسسىق، سۆزى ئۆتكۈن بولغۇدەك.

ئەي ئەرەنلەر ھەر نۆچۈك ئىشنى ئازغىنا بىلسەڭلارما كىشىگە ئەيتىڭلار! ئىچىڭلەردە ساخلاساڭلار ئىچىڭلەردە ئاشقا ئوخشاش سېسىپ قالغۇدەك، ئەدېمزاتنىڭ ئىچىدە بىر نەرسە ئۇزاق تۇرسا، سېسىپ كاردىن چىقىپ كەتكۈدەك. ئىشتىن تالاغا چىقارسا گۈلدەك ئېچىلغۇدەك. پۇلنى كىشىگە بەرمەي ساخلاسا كېپىن باللارنىڭ قولىغا قاپ توزۇپ يوقاپ كەتكۈدەك. ئەي ئەرەنلەر بىرادەرلەر، بۇ نېسيەتلەرنى كۆڭلۈڭلەرنىڭ قۇلىغى بىرلەن ئاڭلاڭلار! بۇ كونا راباتقا تولا ئىشنىپ ئۆزۈڭلارنى تولا ھەلاكەتچىلىككە سالماڭلار.

(مۇختار مۇھەممەد تەييارلىغان)

# تاجىكلارنىڭ قارا چىراغ ياساش ئادىتى



**ۋارىسجان ئاتاخان**

تاجىكلار ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلىپ پامىر ئېتەكلىرىدە چارۋىچىلىقنى ئاساس، دېھقانچىلىقنى قوشۇمچە قىلىپ ياشاپ كەلگەن مىللەت. تاجىكلار ئۆز ئەقىل - پاراستىگە تايىنىپ نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياسىغان ۋە بۇ بۇيۇملارنى مىللىي ئۆرپ-ئادەت سۈپىتىدە تا ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

قارا چىراغ تاجىكچە ئۆيىنىڭ باياۋان، بىچى تەرەپلىرىگە ياندۇرۇپ قويىدىغان چىراغ بولۇپ شەكلى ئاددىي، چىرايلىق ئاياللارنىڭ چېۋەر قوللىرى ئارقىلىق ياسىلىدىغان تۇرمۇش بۇيۇمى بولۇپ ئۇزۇنلۇقى ئادەتتە بىر مېتىر، دىيامېترى ئىككى سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ.

قارا چىراغ ياساشتا ئالدى بىلەن ئۆرۈك، شاپتۇل، كەندىر قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ مېغىزىنى ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ سۇرمە تاشتا ئۇزەگى بىلەن يۇمشاق ئۇگۇپ خېمىردەك ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ، ئاندىن قول بىلەن سىقىپ مېيىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، كۇنجۇرە قىسمى قالىدۇ، كۇنجۇرىگە قوي مايىقىنىڭ يۇمشاق ئەلگەكتە تاسقالغان قىسمى ئارلاشتۇرۇلۇپ يۇغۇرۇلغاندىن كېيىن، مالغۇنىنىڭ تۈز ئۆسكەن نوتىسىغا زىخقا گۈش سانجىغاندەك زىچ قىلىپ قوي مايىقىدا تەييارلانغان خېمىرنى ئۆملەيمىز. بۇنى ئاپتاپتا بىر نەچچە كۈن قۇرۇتقاندىن كېيىن ئوچاقتىكى ئوتتا پۈۋلەپ ياندۇرسا ئۆينى ناھايىتى ياخشى يورۇتىدۇ.

قەدىمكى دەۋرلەردە تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا توك، شام، كىرسىن دېگەندەك نەرسىلەر يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەر، بازارلارغا بېرىپ ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئاتلىق، پىيادە بولۇپ بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت كېتەتتى. قاتناش شارائىتى قۇلايسىز ئىدى، شۇ سەۋەبتىن تاجىكلار ئۆز ئەقىل - پاراستىگە تايىنىپ قارا چىراغ ياساپ ئۆز ئېھتىياجىنى قامداپ كەلگەن.

گەرچە بۇ ئادەت زامان تەرەققىي قىلىپ، تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئىشلىتىشتىن قالغان بولسىمۇ، يايلاق مەدەنىيىتىدە بەلگىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

(ئاپتور: تاشقورغان ناھىيە كۆكشىلۈك يېزىسى ئەمگەك، ئىجتىمائىي كاپالەت پونكىتىدا)







ماي بوياق رەسىم

ئامىر توختى سىزغان




# 美拉斯

# MIRAS

# مىراس


باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
Tel: 0991- 4554017 Fax: 0991- 4559756
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58 باھاسى: 6.00 يۈەن
پوچتا نومۇرى: 830001
E-mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى:6500006000040

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路 716 号文联大楼 14 层）电话：(0991)4554017
传真：(0991)4559756
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一连续出版物号：CN65—1130/I
国际标准连续出版物号：ISSN1004—3829
代号：58-60 广告许可证号：6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
国外发行：中国图书进出口总公司
印刷：新疆日报社印务中心
邮编：830001 定价：6.00 元
CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMPORT & EXPORT(GROUP)CORPORATION
16Gongti E.Road, Chaoyang District, P.O.Box88, Beijing 100020, PR China
E—Mail:exprt@cnpiec.com.cn or library@cnpiec.com.cn
Fax:0086-10-6563069 Tel:0086-65856781 0086-10-65004552